ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى ـ رويۇڭ سامان بولماس

يېڭى هايات
Йеңи һаят

1997 ژىل
2 ـ ئاۋغۇست
شەنبە
№16
(4077)

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي ـ سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى 1970 ـ ژىلى 1 ـ يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.

خوش خەۋەر

ئۇيغۇر ژىگىتى شاخمات بويىچە دۇنيا رېكوردىنى ياراتتى

ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى پايتەختىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىلار سارىيىدا شاخمات بويىچە كوز ژۇمۇپ ئويناشنىڭ دۇنيا بىرىنچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. مەزكۇر ئويۇنغا قاتناشقان شاخماتچى تىزىملاپ ساندىن قەتئىي نەزەر، قارىماستىن ئويناپ ماھىرى خېلىل ھەمرايېۋ 80 تاختىدا سىناق ئۆتكۈزۈپ، چوڭ ئۇتۇققا ئېرىشتى. بىر نەچچە قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى. مەسىلەن، 1960 ـ ژىلى لوس ـ ئانژېلېستا ئامېرىكىلىق دوروۋدو كولتانوۋ ـ كىي 56 تاختىدا شاخمات ئويناپ، مۇسابىقە غالىبى ئاتالغان بولسا، بۇ ژىل خېلىل ھەمرايېۋ ئىزىلغان تاختىلارغا قارىماي، 80 تاختىدا شاخمات ئويناپ، دۇنيا رېكوردىنى يېڭىلىدى. ئۇنى بۇ ئۇتۇقى بىلەن بارلىق گېزىتخانلار نامىدىن سەمىمىي تەبرىكلەيمىز.

پەرھات ھېيتاخۇنوۋ.
ئالمۇتا شەھىرى.

بۈگۈنكى هايات كورۇنۇشلىرى

ئىشسىز بولسىڭىز... بازارغا چىقىپ بەختىڭىزنى سىناپ كورۇڭ

قازاقستان ئۆز مۇستەقىللىگىگە ئىگە بولۇپ، بازار ئىقتىسادىغا كوچكەندىن كېيىن ئالمۇتىدا يۈزلىگەن چوڭ ـ كىچىك بازارلار پەيدا بولدى. بۇ بازارلار ئارقا ـ ئارقىدىن يېپىلىشقا باشلىغان زاۋۇت ـ فابرىكا، مەھكىمىلەرنىڭ ئىشسىز قالغان ئىشچىلىرى بىلەن خادىملىرى، يېزىلاردا خۇسۇسىيلاشتۇرۇش باشلىنىپ، كولخوز، سوۋخوزلار تارىتىلغاندىن كېيىن ئېمە قىلارىنى بىلمەي تەنتىرەپ قالغان ياشلارنى ئىش بىلەن «تەمىنلەپ»، دولەت بيۇدژېتىغا خېلە كوپ مەبلەغ بېرىدىغان ئاساسىي مەنبەلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئەشۇ بازارلاردا ئوقەت قىلىپ، باي بولۇپ كەتكەنلەرمۇ، سودىگەرچىلىك «مۇتەخەسسىسلىكىنىڭ» سىرلىرىغا چوڭقۇر چوكەلمەي، ئەسلى ـ ۋەسلىدىن ئايرىلىپ، ۋەيران بولۇپ كەتكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس. بەزىلەر بولسا يازنىڭ ئىسسىقىدا ئاپتاپتا قاخلىنىپ، قىشنىڭ قەھرىتان سوغلىرىدا جۇلمەرەپ ژۇرسىمۇ، بالا ـ چاقىسىنى بېقىش ئۈچۈن بازاردىن ئىش تاپقىنىغا، بىر پارچە ناننىڭ غېرىۇۋىغا ئايلىنىپ قالمىغىنىغا مىڭ قەتلى شۈكرى قىلىشىدۇ.

خەلقىمىز: «كادايى بولساڭ، شەر تالاش»، «ھەرىكەت بار يەردە بەرىكەت بار» دەپ بېكار ئېيتمىغاندە. دېمىسىمۇ، بازاردا ھەرىكەت قىلغان ئادەم ھېچ قاچان ئاچ قالمايدۇ.

«زارە ۋوستوكا» مەھەللىسى يېنىدىكى «باراخولكا»، راييمبېك ۋە روزىباقىيېۋ كوچىلىرىنىڭ قىيىلىشىدىكى دۇڭ سېتىش بازىرى، «درۇژبا» مەھەللىسىنىڭ تۇۋىنى ۋە يېنىدىكى ئاۋتوموبىل ھەم كوكتات بازىرى، شەھەر مەركىزىدىكى كوك بازار ئالمۇتىدىكى ئەڭ چوڭ بازارلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قاچانلا بولمىسۇن، مەزكۇر بازارلاردا ئادەم مىغىلداپ تۇرغان، خېرىدارلار ئىنتايىن كوپ. سەۋەبى، بۇ بازارلاردىن تۇرمۇشقا كېرەكلىك، ئېزدىگەن نەرسىنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ، ئۇلار دۇكانلاردىكىگە قارىغاندا خېلە ئەرزەن.

مەن يېقىندا ژۇقۇرىدا ئاتالغان بازارلارنى ئارىلاپ، ئۇلار مىكلىغان ئادەملەرنىڭ ھايات كەچۈرۈش ئامىلىغا ئايلىنىپ قالغانلىغىدىن خوشال بولسامۇ، مەزكۇر بازارلاردىكى سانىتارىيە ـ تازىلىق ئىشلىرىنىڭ ناچارلىغىدىن، يارچىلاپ ساتقۇچى (بولۇپمۇ ئوزۇق ـ تۈلۈكنى) سودىگەرلەرنىڭ خېرىدارلارنى تارازىدىن ئالداپ، جازانىخور، كاززاپلىق قىلىشىدىن بەك ئەپسۇسلاندىم. «باراخولكىدىكى» «ئالاتاۋ»، «راخات»، بولۇپمۇ «يولاشاق» بازارلىرىدا سوداستىلىرى بىلەن ئادەملەر ماڭىدىغان يوللار تولۇق ئاقالتلانمىغان. ئادەملەرنىڭ دېگىزدەك ئېقىمىدىن يەردىن كوتىرىلگەن چاڭ ـ توپا دىماقنى ئېچىشتۇرىدۇ. ئەينە شۇ چاڭ ـ توپىلىق قايناملىنىڭ ئىچىدە ھەر خىل تاماقلار، يېمەك ـ ئىچمەكلەر سېتىلىۋاتقان... بەزى ئوزۇق ـ تۈلۈك مەھسۇلاتلىرىنى ئوزەمنىڭ يانچۇق تارازام بىلەن ئولچەپ ئالىمەن دېسىڭىز سېتىقچى ـ ئالدامچىلارنىڭ نومۇس قىلماستىن دەررۇ باشقا باھا قويۇشى ئادەمنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرىدۇ. مۇنداق سەلبىي ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چەكلەش مۇمكىن ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە، مۇمكىن. ئەگەر كۈنىگە يۈز مىڭلاپ تەڭگە كىرىم قىلىۋاتقان بازار غوجايىنلىرى بازار ئىچىنى تولۇق ئاسفالتلاپ، تازىلاپ تۇرسا، دىماقنى ئېچىشتۇرىدىغان چاڭ ـ توزاڭ توزىماس ئىدى. تارازىدىن كام بەرگۈچى جازانىخورلار داۋاملىق تەكشۈرۈلۈپ، ئۇلار بازاردا ئوقەت قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنسا ياكى چوڭ كولەمدە جەرىمانە سېلىنسا، ئادەم ئالدايدىغان ھېلىگەرلىكنى قويار ئىدى.

ئالمۇتا شەھىرىنىڭ يېكىدىن سايلانغان ھاكىمى ۋ.ۋ. خراپۇنوۋ يېقىندا شەھەردىكى كوپلىگەن بازارلارنى ئارىلاپ چىقىپ، ئۇلاردا سانىتارىيە ـ تازىلىق ئىشلىرىنىڭ ناچارلىغىنى ئوز كوزى بىلەن كوردى ۋە تازىلىقى ناچار بازارلارنى يېپىشنى ۋە چوڭ كولەمدە جەرىمانە سېلىشنى تېكشىلىك ئورگانلار بىلەن مەھكىمىلەرگە تاپشۇردى. بۇ بازارلاردا ۋە شەھەردە تازىلىق ئىشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالامدىكىن؟

ئورنى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئوتۇش كېرەككى، ئاھالى ئىچىدە «باراخولكا» ۋە روزىباقىيېۋ كوچىسىدىكى دۇڭ سېتىش بازىرى يېپىلىپ، باشقا جايغا كوچىرىلىدەك» دېگەن سوزلەرنىڭ تارقىلىپ ژۈرگىنىگە بىر ـ ئىككى ژىل بولۇپ قالدى. بۇ سوزلەر قۇرۇق گەپ، ئەلۋەتتە. ھازىرقىدەك ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق زاماندا مىكلىغان ئىشسىزلارنى ئىش بىلەن تەمىنلەپ، دولەت غەزىنىسىگە مىللىونلاپ مەبلەغ بېرىۋاتقان (ئەگەر بازار كىرىمىنىڭ ھەممىسى بيۇدژېتقا چۈشسە) «باراخولكا»، دۇڭ سېتىش بازىرىدەك چوڭ سودا مەركەزلىرىنى باشقا جايغا كوچىرىپ، يېڭىدىن بازار سېلىش ئېقىلغىمۇ سىغمايدۇ. ئالمالى ناھىيەسى ھاكىمىنىڭ ئورۇنباسارى م. ئېرىمبېتوۋنىڭ تەكىتلىشىچە، يەقەت روزىباقىيېۋ كوچىسىدىكى دۇڭ سېتىش بازىرىلا ئېيىغا 5 مىللىون 300 مىڭ تەڭگە ئەتراپىدا كىرىم بېرىدىكەن. مۇنداق نەق ئاخچىدىن ۋاز كېچىپ، يېڭى بازار سېلىش ئۈچۈن يەنە مىللىونلاپ تەڭگە چىقىم قىلىدىغان كىم باردەيسىز؟ شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەزكۇر بازارلارنى يېپىش، يوتكەش توغرىلىق مەسىلە يە ناھىيەلىك، يە شەھەرلىك ھاكىمىيەت مەمۇرىيەتلىرىدە بىر قېتىممۇ قارالمىغان.

ھە، ئىشسىز بولسىڭىز... بازارغا چىقىپ، بەختىڭىزنى سىناپ كورۇڭ.

ئەخبارات ئاگېنتلىقلىرى خەۋەرلىرىدىن

چولپان ـ ئاتىدىكى ئۇچرىشىش

24 ـ 25 ـ ئىيۇل كۈنلىرى چولپان ـ ئاتىدا پرېزىدېنتلار ئاسقار ئاقايېۋنىڭ، نۇرسۇلتان نازاربايېۋنىڭ ۋە ئىسلام كەرىموۋنىڭ قاتنىشىشى بىلەن قازاقستان، قىرغىزستان ۋە ئۆزبەكستان دولەتلەر ئارا كېڭىشىنىڭ نۆۋەتتىكى ئۈچىنچى مەجلىسى ئۆتكۈزۈلدى.

ئۇچرىشىش نەتىجىسى بويىچە ئۈچ دولەت رەھبەرلىرى ب م ت يېنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا باتالئونى ھەربىي خىزمەتچىلىرىنىڭ پائالىيىتى توغرىلىق كېلىشىمگە ئىمزا قويدى.

بىر تۇتاش ئىقتىسادىي كەڭلىك قۇرۇش توغرىلىق شەرتنامە دائىرىسىدە قوبۇل قىلىنغان كېلىشىملەر بىلەن قارارلارنىڭ ئورۇنلىنىش جەريانىنى مۇھاكىمە قىلىپ، پرېزىدېنتلار قولغا كەلتۈرۈلگەن ئىجابىي نەتىجىلەرنى ئاتاپ ئوتتى.

دولەتلەرنىڭ 2000 ـ ژىلغا قەدەر ئىقتىسادىي ئىنتېگراتسىيەسى بويىچە قوبۇل قىلىنغان پروگرامما چەمبىرىدە بىرلەشكەن كارخانىلار قۇرۇش، ئىشلەپ چىقىرىش كوئوپېراتسىيەلىرىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش بويىچە ئىشلار ئوتتۇلۇق ژۈرگۈزۈلمەكتە.

پرېزىدېنتلار بىر قاتار مۇھىم مۇئەممالارنى مۇھاكىمە قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رېگىونلۇق بىخەتەرلىك، جۈملىدىن ئاۋغانستاندىكى ۋەزىيەت بويىچە مەسىلىلەر بار.

ھوكۇمەت ئېنېرگو بازار ئۆلگىسىنى مۇھاكىمە قىلدى

29 ـ ئىيۇل كۈنى پرېمىير ـ مىنىستر ئەكېژان قاژېگېلدىننىڭ رىياسەتچىلىگى بىلەن ھوكۇمەت مەجلىسى بولۇپ ئوتتى. ئۇنىڭدا 1997 ـ 2000 ـ ژىللاردا ئېلېكتر قۇۋۋىتى بېرىلىدىغان لىنىيەلەرنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش پروگراممىسى توغرىلىق مەسىلە قارالدى.

مەجلىستە ئېلېكتر قۇۋۋىتىنى بېرىش بىلەن سېتىش، خىزمەت كورسىتىشنىڭ ئېنىق باھاسىنى ئېنىقلاپ، ئېلېكتر قۇۋۋىتىنى تارىتىشنىڭ قوشۇمچە خۇنىنى بەلگۈلەش توغرىلىق جىددىي سوز بولدى.

«ئازىيە دائۇسى» فېستىۋالى ئېچىلدى

30 ـ ئىيۇل كۈنى ئالمۇتىدىكى دەم ئېلىش ۋە ئىستىراھەت بېغىنىڭ تىياترىدا 8 ـ خەلق ئارا «ئازىيە دائۇسى» فېستىۋالى تەنتەنىلىك ئېچىلدى. ئۇنىڭغا قازاقستاننىڭ ۋە دۇنيانىڭ ئونلىغان مەملىكەتلىرىنىڭ تونۇلغان ئارتىستلىرى قاتناشماقتا.

ياپونىيەنىڭ قازاقستاندىكى مەدەنىيەت كۈنلىرى

ھازىر ئالمۇتىدا قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ چەت ئەللەر بىلەن دوستلۇق ۋە مەدەنىي ئالاقە باغلاش جەمىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ياپونىيەنىڭ مەدەنىيەت كۈنلىرى داۋام قىلىۋاتىدۇ.

دېلېگاتسىيەنى باشلاپ كەلگەن «ياپونىيە ـ يېۋرازىيە مەملىكەتلىرى» جەمىيىتىنىڭ ۋىتسى ـ پرېزىدېنتى ساتو سان خانىم ئىككى مەملىكەت ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا چوڭ ئۈمۈت باغلىماقتا.

باتۇر خەلقىنىڭ سەنئىتى

ئوتكەن يەكشەنبە كۈنى ئالمۇتىدىكى كونسېرت زالىدا چېچەن ئېلىنىڭ پايتەختى جوخار قالادىن كەلگەن «كاۋكاز يۇلتۇزى» نامىدىكى فولكلورلۇق ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبلى ئوز ھۈنەرلىرىنى نامايىش قىلدى. تۇنۇگۈنلا ئۇرۇش ئوتىنى باشتىن كەچۈرگەن، يېنىغا خەنجەر ئاسقان باتۇر خەلقىنىڭ سەنئىتى تاماشىبىنلاردا چوڭ قىزىقىش ۋە تەئۇرىنىش پەيدا قىلدى.

ئالبانىيەدە يېڭى پرېزىدېنت سايلاندى

ئالبانىيە سوتسىيالىستىك پارتىيەسىنىڭ باش كاتىۋى رېدجەپ مېيدانى پارلامېنتتا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق ئالبانىيەنىڭ يېڭى پرېزىدېنتى بولۇپ سايلاندى. رېدجەپ ـ فىزىك، ئانا تىلىدىن باشقا ئىنگلىز، فرانسۇز، نېمىس، رۇس تىللىرىنى مۇكەممەل بىلىدۇ. ئۇ سوتسىيالىستىك پارتىيەنىڭ داھىسى فاتون نانوغا يېڭى ھوكۇمەت قۇرۇشنى تاپشۇردى. سابىق پرېزىدېنت سالى بېرىشا پارلامېنت مەجلىسىدىن بىر كۈن ئىلگىرى ئوز ئىختىيارى بىلەن ئىستېپاغا چىقتى.

ئاۋغانستاندىكى جەڭلەر

تالىپلارغا قارشى كۈچلەر قابۇل ئەتراپىدا جەڭلەرنى كۈچەيتمەكتە. ھازىر ئۇلار شەھەرگە يېقىنلاپ كەلگەن. ئوتكەن ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا تالىپلار ئاۋغانستان پايتەختىنىڭ يېنىدىكى بىر قاتار جايلارنى ۋە شىكاردارا ئاھالىلىق پۇنكتىنى تاشلاپ كەتتى. «تالىبان» ھەرىكىتىنىڭ 60 جەڭچىسى، ئۇنىڭ ئىچىدە دالا كوماندىرى موللا نەبى بىلەن بىر نەچچە پاكىستان پۇخراسى ئەسىرگە ئېلىندى. ئاخىرقى كۈنلەردە ھالاك بولغان تالىپلار ئارىسىدىن ھەرىكەت رەھبەرلىكىنىڭ ئەزالىرى موللا ئەزىز بىلەن يارمۇخاممېد شەفەقنىڭ جەسىدى تېپىلدى.

ئودېر دەرياسى تاشماقتا

ياۋروپىدا توختىماي ياققان يامغۇردىن دەريالار قىنىدىن چىقماقتا. سۇ تاشقىنى ئودېر دەرياسىنىڭ پولشا ـ گېرمانىيە چېگارىسىدىكى توسمىنى بۇزۇپ كەتتى. بۇ يەردىكى ناھىيەلەرنىڭ تۇرغۇنلىرى باشقا جايلارغا كوچىرىلمەكتە. ئوتكەن يەكشەنبە كۈنى مىكلىغان نېمىسلار ئوز ئويلىرىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئودېر دەرياسىنىڭ سۇيى ئىلگىرى بولۇپ كورۇلمىگەن دەرىجىدە كوپىيىپ كەتكەن. سۇ تاشقىنىدىن بولغان چىقىم مىللىونلىغان دوللارنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئىران يادرو قۇراللىنى خالىمايدۇ

ـ ئىران ئۇمۇمىي ئىنسان ۋە ئىسلام پرىنسىپلىرىغا قەتئىي ئەمەل قىلىدۇ ھەم يادرو قۇرالىغا ئىگە بولۇشقا ئىنتىلمەيدۇ، ـ دەپ بىلدۈردى ئىراننىڭ ئىلگەركى پرېزىدېنتى ئەلى ئەكبەر ھاشىمى ـ رافسانجانى مەملىكەت پايتەختىدە بولغان ئاتوم ئېنېرگىيەسى بويىچە خەلق ئارا ئاگېنتلىقىنىڭ (ماگاتې) باش دىرېكتورى خانس بلىكس بىلەن ئۇچراشقاندا.

ھىندىستان ـ پاكىستان: قارشى تۇرۇش داۋام قىلماقتا

پاكىستان تاشقى ئىشلار مىنىسترلىگى ھىندىستاننىڭ ئىسلاماباد ھەربىي ئاتتاشېسىنى بارغانسىرى كۈچەيتمەكتە، دېگەن سوزىنى يوققا چىقاردى.

ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ رەھبىرى گۇدژرالنىڭ بۇ توغرىلىق پارلامېنتتا قىلغان بىلدۈرۈشى، مىنىسترلىك ۋەكىلىنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، ئوز مەملىكىتىنىڭ ھازىرقى ئەڭ زامانىۋىي قورال ـ ياراق ياسىشنى ئاقلاش مەقسىتىدە ئېيتىلماقتا. بۇ قوراللارنىڭ سانى ھىندىستان پېرىنى قوغداش ئۈچۈن ھاجەتلىك مولچەردىن خېلە كوپ، ـ دەيدۇ پاكىستان تاشقى سىياسەت ئىدارىسىنىڭ رەسمىي ۋەكىلى.

بىر مىللىون دوللار پارە تەلەپ قىلدى

يېقىندا روسسىيە ـ گرۇزىيە چېگارىسىدىكى روك تونېلىدە ئادەتتىن تاشقىرى ئەھۋال يۈز بەردى. چېگارىچىلار 19 سېنتەبىرنا تولتىرىلغان سىرتى بار ئاۋتوكارۋاننى توختاتتى. ماشىنىدىكىلەر چېگارا پوستى ئارقىلىق شىمالىي ئوسېتىيەگە ئوتۇپ كېتىشكە ھەرىكەت قىلىپ كوردى. بىراق ئۇنىڭدىن نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن، چېگارىچىلارغا بىر مىللىون دوللار پارە بېرىدىغانلىغىنى بىلدۈردى. مەتبۇئات خىزمىتىنىڭ خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، كارۋان تۇتۇلغان يەرگە جىنايەتچى توپ ئوز كۈچلىرىنى ئەۋەتىشكە ھەرىكەت قىلىۋاتقاسا كېرەك.

يەنە نامايىش كېرەكمىكىنە؟

ياكى كوممۇنال خىزمەت باھالىرىنىڭ تەكرار ئورلىشى ھەققىدە

مەلۇمكى، ماي ئېيىدا تۇرۇشلۇق ئويلەرنىڭ كوممۇنال خىزمەت باھالىرى ھەددى ـ ھېسابسىز قىممەتلىتىلىپ، مىكلىغان ئادەملەرنىڭ نامايىشقا چىقىشىغا سەۋەب بولغان ئىدى. نەتىجىدە پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازاربايېۋنىڭ ئارىلىشىشى ۋە تۇرۇشلۇق ئويلەرگە گاز، ئىسسىق ۋە مۇزدەك سۇنى ئۆلچەيدىغان سچوتچىك ـ ھېسابلىغۇچلارنى ئورناتمىغىچە، باھالارنى قىممەتلەتمەسلىك توغرىلىق كورسەتمە بېرىلگەن. كورۇلگەن چارىلەرگە باغلىق كوممۇنال خىزمەت باھالىرىنىڭ ئوستۇرۇلۇشىگە چەك قويۇلۇپ، ئاھالى ماي ـ ئىيۇن ئايلىرى ئۈچۈن ئىلگەركى باھا بويىچە ھەق تولىگەن ئىدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئوتمىگەنگە قارىماي، ئىسسىق سۇ ۋە ئويلەرنى ئىسسىتىشنىڭ باھالىرى يەنە قىممەتلىتىلدى. ئىيۇل ئېيى ئۈچۈن ئورغۇنلار ئىلگەركى ئىسسىق سۇ ئۈچۈن بىر ئادەمگە تولىگەن 178,52 تەڭگە ئورنىغا 225,79 تەڭگە، بىر كۋادرات مېتر ئوينى ئىسسىتىش ئۈچۈن ئىلگەركى 9,75 تەڭگە ئورنىغا 15,78 تەڭگە تولەيدىغانلىغى توغرىلىق كۋىتانسىيەلەرنى تاپشۇرۇپ ئالدى. «ئالماتى ياتۇئېر كونسولىدېيتېد» كومپانىيەسىنىڭ تەكىتلىشىچە، ئاۋغۇست ئېيىدا ئىسسىق سۇ ۋە ئويلەرنى ئىسسىتىشنىڭ باھاسى بىر ئادەم ۋە بىر كۋادرات مېتر ئۈچۈن 21 تەڭگە 80 تىيىن ۋە 273 تەڭگە 0,5 تىيىن بولماقچى.

ئەگەر ئەھۋال موشۇنداقلا داۋام قىلىدىغان بولسا، 60 كۋادرات مېترلىق ئويدە 5 جان ياشىسا، كوممۇنال خىزمەت ئۈچۈن باشقا تولەملەرنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا ئېيىغا كام دېگەندە تورت مىڭ تەڭگە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كوپرەك ئاخچا تولەشكە توغرا كېلىدۇ! ئەمگەك ھەققى ۋە پېنسىيە پۇللىرى ئوسمەيۋاتقان، ئىشسىزلىق بارغانسىرى كوپىيىۋاتقان ھازىرقى ئىقتىسادىي قىيىن دەۋردە بۇنىڭغا قانداق توزۇش مۇمكىن؟ يەنە نامايىش كېرەكمىكىنە؟

راست، كېيىنكى ۋاقىتلاردا گوش، گۈرۈچ، سۈيۈق ماي، شېكەر ۋە باشقا ئوزۇق ـ تۈلۈك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى خېلە قىممەتلىدى. لېكىن ئادەملەر ئوز يانچۇغى بىلەن ھېسابلىشىپ، ئۇلارنى نورمىدىن ئاز ئىستېمال قىلىشى ياكى قىلماسلىغى مۇمكىن. ئاما كوممۇنال خىزمەت ھەققىنى تولىمەسلىك مۇمكىن ئەمەس. ۋاقتىدا تولىمىسىڭىز، گاز، سۇنى توختىتىپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى كېسىپ تاشلايدۇ... ئۇلارسىز ھايات كەچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

مالىك سادىروۋ.

قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېڭى پايتەختى – ئاقمولا



1897 – يىلى 26 – يانۋار كۈنى، يەنى بۇنىڭدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى، رۇسسىيەدە ئىمپېرىيە ئاھالىسى دەسلەپكى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك روبىختىكە ئېلىنغان ئىدى. ئۇنىڭ يەكۇنلىرى بىر نەچچە توملاردا نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىدە ئاقمولا ۋىلايىتى بويىچە ماتېرىياللار ئورۇن ئالغان ئىدى. مەمۇرىي مەركىزى ئومسك بولغان بۇ ۋىلايەتنىڭ تەركىبىگە ئومسك، ئاقمولا، ئاتباسار، كوكچېتاۋ، ۋە پېتروپاۋلوۋسك ئۆيېزدلىرى كىرەتتى. ئاھالىنى روبىختىكە ئېلىش يەكۇنلىرىدىن شۇ چاغدىكى ئاقمولىنىڭ ئەھۋالى ۋە دېموگرافىيەلىك خەرىتىسى سىزىشتىمۇ پايدىلىنىش مۇمكىن.

ئاھالىنى روبىختىكە ئېلىش ماتېرىياللىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئاقمولىلىقلارنىڭ كۆپچىلىكى ساۋاتسىز بولغان. شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئاران 22,9 پىروسەنتىلا ساۋاتلىقلار تەشكىل قىلغان. بولۇپمۇ ئاياللار ئارىسىدا ساۋاتسىزلار كۆپ بولغان. 4613 ئاقمولىلىق ئايالنىڭ بارى يوقى 663 ى ساۋاتلىق بولغان. شەھەر ئاھالىسىنىڭ پەقەت 7 – سى ئالىي مەلۇماتلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئايال ئىدى.

روبىختىكە ئېلىش مەلۇماتلىرى ئاھالىنىڭ كېلىپ چىقىش تەركىۋى، تۇغۇلغان ئورنى ۋە كۆپلىگەن باشقا پروتسېسلار بويىچە ئېنىقلىمىلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىدى. ئايرىم جەد...



ئاقمولا. بېسىلقى باھارنىڭ كېلىشى بىلەن شىمالىي پايتەختنىڭ ئوبيېكتلىرىدىكى قۇرۇلۇش ۋە پەردازلەش ئىشلىرى خېلە جانلاندى.

موشۇ يەرگە خوشنا كوكچېتاۋدىن كەلگەن 296 – ۋە 657 – قۇرۇلۇش – مونتاژ پويېزدلىرىنىڭ كوللېكتىپلىرى 81 كۋارتىرلىق تۆت قەۋەتلىك تۇرۇشلۇق ئوبيېكت قۇرۇلۇشىدا ئىشلەۋاتىدۇ. كەسپىكى ئىتتىپاق قۇرۇلۇشچىلار بەنت. بىرگادىر س. كوروبېينىكوۋ باشچىلىقىدىكى قۇرۇلۇشچىلار بىنانى قەرەللىدە ۋە سۈپەتلىك تاپشۇرۇش ئۈچۈن بارلىق كۈچ – قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلماقتا.

سۈرەتلەردە: 1. يېقىندىن سېلىنىۋاتقان تۇرۇشلۇق ئۆيلەر.

بۇنىڭدىن يۈز يىل ئىلگىرى ئاقمولىدا كىم ياشىغان؟

ئاقمولىنىڭ ئاھالىسىنى خاراكتېرلەيدىغان پەقەت بەزىبىر ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلىرىنى تەكىتلەپ ئۆتىمىز. شۇنداق قىلىپ، 1897 – يىلى يانۋارىدا ئاقمولا شەھىرىدە 9707 ئادەم ياشىغان بولۇپ، ئۇلاردىن 5105 ى ئەر ۋە 4602 سى ئايال.

ئاھالە سانى بويىچە ئاقمولا ۋىلايىتىدىكى بەش شەھەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاقمولا ئاھالىسى بويىچە ئومسك ۋە پېتروپاۋلوۋسك شەھەرلىرىنىڭ كەينىدىن ئاز، لېكىن كوكچېتاۋ ئاھالىسىدىن كۆپ ۋە ئاتباسار ئاھالىسىدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ ئىدى.

ئۇ دەۋردىكى شەھەر ئاھالىسىنىڭ مىللىي تەركىۋى (ئانا تىلى بويىچە) دىققەتكە سازاۋەر. شەھەردە 3020 قازاق، يەنى ئۇلار ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 31,1 پىروسەنتىنى، رۇسلار 4619 ئادەمنى تەشكىل قىلاتتى. ئاھالە سانى بويىچە ئۈچىنچى ئورۇندا تاتار دىاسپوراسى تۇراتتى – ئۇلار 1035 ئادەم، يەنى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ 10,6 پىروسەنتىنى تەشكىل قىلغان. ئۇلارنىڭ كەينىدە ئوكرائىنلار (223 ئادەم)، نېمىسلار (205 ئادەم)، يەھۇدىيلار (173 ئادەم)، ئۆزبېكلار (101 ئادەم). ھەممىسى بولۇپ شەھەردە 18 مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى ياشىغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاز سانلىق تەشكىل قىلاتتى، مەسىلەن، پولەكلەر – 11، لېتونلار – 16، بېلورۇسلار – 18، پارسلار (ئىرانلىقلار) – 10 ئادەمدىن ئىبارەت بولغان.

ۋەللەر ئاھالىسىنىڭ شۇغۇللىنىدىغان ئىشى توغرىلىق مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. ئاقمولىدا 3138 ئادەم ئەينە شۇنداق ھەر خىل كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا، قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان.

«1897 – يىلى رۇسسىيە ئىمپېرىيەسىدە دەسلەپكى ئاھالىنى روبىختىكە ئېلىش. ئاقمولا ۋىلايىتى» قوللانمىسىنىڭ كىرىشمە سۆزىدە قىزىقارلىق فاكت كەلتۈرۈلگەن. ئىمپېراتورنىڭ 1868 – يىلى 21 – ئوكتەبردىكى ئاقمولا ۋىلايىتىنى قۇرۇش توغرىلىق پەرمانى بىلەن ئۇنىڭ ئاقمولا ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي مەركىزى دەپ بەلگۈلەنگەن. لېكىن ئاقمولا ئۈچۈن لايىق ھالەتكە كەلتۈرۈلگىچە باشقارما بىناسى ۋاقتىلىق ئومسكدا قالدۇرۇلىدۇ. ئاقمولىنى شۇ چاغدىكى ئەھۋالى سەۋەبىدىن ۋىلايەت مەركىزى ئومسكتىن ئاقمولىغا كۆچۈرۈلمىگەن، لېكىن مۇنداق نىيەت فاكتىنىڭ ئۆزى دىققەتكە سازاۋەردۇر.

نىكولاي بايچىكوۋ،
ئاقمولا ۋىلايىتى دۆلەت ئارخىۋىنىڭ خادىمى.

ئاقمولىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە گۈللىنىشى

تارىخچىلارنىڭ تەكىتلىشىگە قارىغاندا، ئاقمولا ھە دېگەندە ئايرىم ئاھالىلىق پۇنكت ئەمەس، بەلكى سېپىل سۈپىتىدە پەيدا بولغان ئىكەن. ئاقمولا 1830 – يىلى روسسىيە پادىشا ئارمىيەسىنىڭ پودپولكوۋنىكى ف.ك. شۇبىننىڭ لايىھىسى ئاساسىدا قەد كۆتىرىشكە باشلىغان.

1863 – يىلى 16 – ئىيۇلدا ئاقمولا رەسمىي ئويكرۇگلۇق شەھەر دەپ ئېلان قىلىنغان. ئۇ چاغدا ئاقمولا ئاھالىسىنىڭ سانى ئارانلا ئىككى مىڭدىن ئاشاتتى، خالاس. ئاما ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئوتتۇز يىل ئىچىدە شەھەرلىكلەرنىڭ سانى 6500 گە يەتتى. ئۇ دەۋردە بۇ يەردە ئۈچ چىركو، بەش مەكتەپ ۋە بىلىم يۇرتى، ئۈچ زاۋۇد بار ئىدى.

شەھەرگە ھە دەپ ئۇن يىللىق سودا ئىمتىيازى كاپالەتلەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئاساسىدا سودىگەرلەر بىلەن باي تىجارەتچىلەر ئايرىم تولەملەر ۋە سېلىقلاردىن بوشىتىلغان. 1872 – يىلدىن كېيىن ئاقمولىلىقلار ئۈچۈن يەنە قوشۇمچە ئىمتىيازلار بەلگۈلەنگەن. تەبىيكى، بۇ ئەھۋاللار شەھەرنىڭ چاپسان تەرەققىي ئېتىشىغا تۈرتكە بولغان ئىدى.

شەھەرنىڭ ئىككىنچى قېتىم گۈللىنىشى بۇنىڭدىن قىرىق يىل ئىلگەركى ۋاقىتقا توغرا كەلدى. 1954 – يىلىنىڭ بېشىدا بولۇپ ئۆتكەن ك پ س س مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پلېنۇمى تىڭ ۋە بوز يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش توغرىلىق مۇھىم مەسىلىنى قاردى. ئەينە شۇ چاغدىن باشلاپ يۈز مىڭدىن ئوشۇق ئاھالىسى بار ئاقمولا شەھىرى ئۈچۈن ئىككىنچى گۈللىنىش دەۋرى باشلاندى. 1960 – يىلى ئاقمولا رەسمىي تىڭ ئۆلكىسىنىڭ مەمۇرىي مەركىزىگە ئايلاندى ۋە «سېلىنوگراد» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. شەھەردە تېز ئارىدا كۆپلىگەن مەدەنىي – مەئىشىي بىنالار، ھەر خىل كارخانىلار قەد كۆتەردى، پۈتكۈل مەملىكەت تۇرۇشلۇق ئۆيلەرنى سېلىشقا ياردەم قىلدى.

موسكۋانىڭ تىڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بولۇشى، خەلق ئارىسىدا قازاقستان پايتەختىنىڭ ئالمۇتىدىن سېلىنوگرادقا كۆچىرىلىدىغانلىقى توغرىلىق پاراڭلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئېلىپ كەلدى. ئەپسۇس، 1964 – يىلقى ۋاقىئەلەر شەھەر ستاتۇسىنى ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتىنى بەرمىدى. ئاقمولا بۇ مەختىكە پەقەت ئوتتۇز يىلدىن ئوشۇق ۋاقىتتىن كېيىنلا يېتىۋاتىدۇ.

يېڭى پايتەخت يېڭىلىقلىرى

ئاقمولا تېلېۋىزىيە ئارقىلىق ياپونىيەلىكلەرگە تونۇشتۇرۇلىدۇ

يېقىندا ياپونىيەنىڭ «ت ن ت» دۆلەت تېلېشىركىتىنىڭ ۋەكىللىرى ئاقمولىدا بولدى. ياپونىيەلىك تېلېژۇرنالىستلار ئۆز ۋەتەنداشلىرىنى قازاقستاننىڭ شىمالىي پايتەختى بىلەن تونۇشتۇرۇش ۋە شەھەردە يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەر توغرىلىق خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن كەلدى. ئاقمولا شەھرىنىڭ ئىستىقبالى، پايتەختنى كۆچۈرۈش بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەييارلىق ئىشلار، مەخسۇس ئىختىسادىي زونا ۋە ئۇنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ چەت ئەللىك ئىنۋېستورلار ئۈچۈن بولغان ئىمتىيازلار، – مەخسۇس ئىختىسادىي زونىنىڭ رەئىسى، ئاقمولا ھاكىمى ئا. بۇلېكبايېۋنىڭ ياپونىيە تېلېۋىدېنىيەسىگە بەرگەن ئىنتېرۋيۇسىنىڭ ماۋزۇ دائىرىسى ئەينە شۇلاردىن ئىبارەت.

دىپلوماتلار ئۈچۈن «دەسلەپكى قوڭغىراق»

قازاقستاندا ئىشلەۋاتقان دىپلوماتىك ۋاكالەتخانىلارنىڭ ئاقمولىغا كۆچۈشكە تەييارلىق باشلاندى دەپ ھېساپلاش مۇمكىن: جۇمھۇرىيەت تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئورۇنباسارىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا چەت ئەل ئەلچىخانىلىرىنى كۆچۈرۈش بويىچە كومىسسىيە قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى دېپارتامېنتىنىڭ باشلىقى ئا. ئارىنغازىن، ئاقمولا ھاكىمى ئا. بۇلېكبايېۋ ۋە ۋىلايەت ھاكىمىنىڭ ئورۇنباسارى ئا. جاقسىبېكوۋ كىردى. شىمالىي پايتەختكە كۆچكىچە تېخى خېلە كۆپ ئىشلار قىلىنىشى كېرەك، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئىش جوشقۇن باشلىنىپ كەتتى.

ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە رېگون

پەن مىنىستىرلىكىنىڭ – قازاقستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئالىملىرى ئاقمولىدا ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى كۆچمە سېسسىيەسىنى – ئۇمۇمىي يىغىنىنى ئۆتكەزدى. بالىلار ئىجادىيىتى مەركىزىنىڭ بىناسىدا يۈزلىگەن ئاكادېمىكلار، پروفېسسورلار ۋە دوتسېنتلار «ئىختىسادىي ئىسلاھات ۋە شىمالىي قازاقستاننىڭ رېسۇرس بازىسى» دېگەن ماۋزۇنى مۇھاكىمە قىلدى. پەن مىنىستىرى – جۇمھۇرىيەت پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ پرېزىدېنتى ۋلادىمىر شكولنىك مەزكۇر رېگوننى ئاقمولا، قوستاناي، شىمالىي قازاقستان ۋە پاۋلودار ۋىلايەتلىرىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش – بۇ مەملىكەتنىڭ ئىختىسادىي ئالغا ئىلگىرلىشىنىڭ بىر يونىلىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، دەپ بىلدۈردى. ئالىملار بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىلگىرى خۇددى شۇنداق كۆچمە سېسسىيە كۆرىيېۋاتا ئوتكۈزۈلگەنلىكى ۋە شۇ چاغدىلا جۇمھۇرىيەتنىڭ غەربىي رېگونىنىڭ چوڭ ئىستىقبالى ھەققىدە ئالدىن – ئالا بېشارەت قىلىنغانلىقىنى ئەسلىدى. ھە، مەملىكەت بۇ رېگونلارغا چوڭ ئۈمۈت باغلىماقتا. شۇنداقلا شىمالىي رېگىونمۇ چوڭ ئىختىسادىي پوتېنسىيالغا ئىگە. بۇ يەرگە، دۆلەتنىڭ بەشىنچى قىسمىدا، ئۇنىڭ ئاساسىي فوندلىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا يېقىنى جايلاشقان. بۇ يەردە مەملىكەتنىكى ئېلېكتر قۇۋۋىتىنىڭ يېرىمىگە يېقىنى، كومۇرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ، شۇنداقلا شۇنچىلىك ئاشلىق يېتىشتۈرۈلىدۇ.

ئالىملار، سېكسىيەلەرگە بولۇنۇپ، ئىختىسادىي ئىسلاھاتلارنىڭ نەتىجىدارلىقى، مىنېرال – خام ئەشيا ۋە سۇ رېسۇرسلىرىنىڭ مۇئەممالىرى ۋە ئاگرار سېكتورنىڭ مەسىلىلىرى دېگەن ئۈچ يۆنىلىش بويىچە پىكىر ئالماشتۇردى. ئالىملارنىڭ ئىككى توپى ئاگرار ۋە يېۋروئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ بىنالىرىدا، ئەندى ئۈچىنچى توپى بولسا شورتاندى شەھىرىدىكى ئاكادېمىك بارايېۋ نامىدىكى قازاقستان دېھقانچىلىق ئىلمىي تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەجرىبە مەيدانلىرىدا مۇنازىرە قىلدى. قازاقستاننىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرى ۋە ئۇلاردىن كومپلېكسلىق تۈردە پايدىلىنىشنىڭ زورۇرىيىتى توغرىلىق خېلە كۆپ پىكىر قىلىندى. جۈملىدىن، ئالىملارنىڭ بىرى لىساكوۋسك كان – بېيىتىش كومبىناتىنىڭ مەدەنىي كومپلېكسلىق ئىشلەش بويىچە مەخسۇس تەجرىبە سىخىنى قۇرغانلىقى، ئۇنىڭدا يېڭى تېخنولوگىيەلەرنىڭ سىناق قىلىنىدىغانلىقى توغرىلىق سۆزلەپ بەردى.

ئالىملارنىڭ خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا، شىمالىي قازاقستاننىڭ يەر ئاستى بايلىقى ئىلمىي – پەنگە مەلۇم بولغاندىنمۇ خېلىلا كۆپ بولۇشى تەخمىن قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ يەردە ئالتۇن، ئالماس، كۆمۈر شۇنداقلا ناھايىتى ئۇرغۇن نېفت زاپاسلىرىنىڭ بار ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.

ئالىملار يېڭى پايتەختنى ناھايىتى قىزىقىش بىلەن كۆزدىن كەچۈردى ۋە جۇمھۇرىيەت پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەرگە كۆچىرىشنىڭ ھاجەتتى يوق دېگەن خۇلاسىغا كەلدى. ئالمۇتا مەملىكەتنىڭ ئىلمىي مەركىزى بولۇپ قېلىشى كېرەك. لېكىن ئاقمولىدىمۇ مۇناسىپ ئىلمىي مەركىزى بولۇشى لازىم. مۇنداق مەركەزنى زامانىۋىي ئاساستا ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنىڭ تارىخىي ئىمكانىيىتى بار. سىبىر ئاكادېمىشەھەرچىسى تىپى بويىچە بىر ۋارىيانت، بۇ قۇرۇلۇش – ئۈچۈن ناھايىتى ئۇرغۇن خىراجەتنى تەلەپ قىلىدۇ، ياكى ئۇنىۋېرسىتېتلار ئاساسىدىكى ئا ق ش ۋە ياۋروپا ئەللىرى تىپىدىكى ۋارىيانت بار. بىزنىڭ ئالىملىرىمىز ئىككىنچى ۋارىيانتنى كۆپرەك قوللىماقتا. بۇ يەردە شۇنى كۆزدە تۇتۇش كېرەككى، ئاقمولىنىڭ ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرى تەييارلىغى ئۈستۈن پروفېسسور – ئوقۇتقۇچىلار تەركىۋىگە ئىگە، ئەندى مەملىكەت پرېزىدېنتىنىڭ پىلانىغا مۇۋاپىق يېۋروئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىنى قازاقستاندىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ خوشنىلىرىنىڭكىدىنمۇ ئەڭ ياخشى ئالىي ئوقۇش ئورنىغا ئايلاندۇرۇش كۆزدە تۇتۇلماقتا.

2. قۇرۇلۇشچىلار ئورلان سەكىنوۋ، سېرگېي كوروبېينىكوۋ ۋە سېرگېي خېنكو. قازتاگ مۇخبىرى چۈشەرگەن سۈرەتلەر.

مەدەنىي مىراسلىرىمىزدىن

ئويلىنىپ پىچىلغان تون كالتە بولماس

خەلقىمىزنىڭ كالېندار سىستېمىسىنى تارىخىي ئاساسلىرىمىزغا سۈيەنگەن ھالدا بىر ئىزغا سېلىپ، مۇقىملاشتۇرۇپ، كەلگۈسىدە پايدىلىنىشىمىز ھەققىدە كېيىنكى ۋاقىتلاردا گېزىتلىرىمىز سەھىپىلىرىدە پىكىر - مۇلاھىزىلەر ئېيتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بۇ ئىزگۈ باشلامىنىڭ تەشەببۇسكارلىرى بولۇپ ژۈرگەن ئاكا - ئۇكا شاۋدۇن، غىلاجىدىن ئايۇپوۋلارنىڭ ئاي نامىلىرىنى يېڭىچە ئاتاشنى تەۋسىيە قىلىدىغان بىر نەچچە ماقالىلىرى «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىدا ئېلان قىلىندى. لېكىن بۇ مەسىلە ئۈستىدە رېداكسىيە تەھرىراتىدا بىر قانچە زىيالىيلىرىمىز، ئالىملار، ژۇرنالىستلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئوتكەن مۇھاكىمە ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ تەۋسىيە قىلىۋاتقان پىكىرلىرى مۇۋاپىق تېپىلمىغانلىقى، شۇنداقلا باشقىمۇ ئەمەلىي سەۋەپلەرگە باغلىق ھازىرچە ئاي نامىلىرىنى قوللىنىپ كېلىۋاتقىنىمىز بويىچە قالدۇرۇپ تۇرۇش قارار قىلىنغان ئىدى. شۇندىمۇ ئۇنىڭغا ئېتىۋار قىلىنمىغان ھالدا، «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ يېڭى ژىللىق سانىدا ھازىرقى خەلقئارا كالېندار بىلەن قوشۇپ كامچىلىقلاردىن خالىي بولمىغان ئاكا - ئۇكا شاۋدۇن، غىلاجىدىن ئايۇپوۋلارنىڭ ئاي نامىلىرىنى بېسىپ چىقارغان. شۇنداقلا ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ «يېڭى ھايات» گېزىتىدا «مەدەنىي مىراسلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلايلى» دېگەن ماۋزۇدىكى ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، مېنىڭ ئوتكەن ژىلنىڭ 14 - سېنتەبىر سانىدا «ئۇيغۇر ئاۋازىدا» بېسىلغان «سىلەر نېمە دەيسىلەر» دېگەن ماقالەمگە قارشى پىكىرلەر ئېيتىلغان. شۇڭلاشقا مېنىڭ ماقالەمنىڭ مەزمۇنى «يېڭى ھايات» گېزىتى ئوقۇغۇچىلىرىغا ناتونۇش بولغانلىقتىن ئۇنىڭدا ئېيتىلغان پىكىر - مۇلاھىزىلەرنى مۇھتەرەم گېزىتخانلارغا ھاۋالە قىلىشنى دۇرۇس كوردۇم.

خەلقىمىزنىڭ كالېندارچىلىق سىستېمىسى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، 12 مۇچەل تەرتىۋىنىڭ كەشپىياتى مىلادىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇلۇق ئالىم مەھمۇت قەشقەرىي بۇ ۋەقەلىكنىڭ ۋاقتىنى ئەڭ قېدىمىي زامانلاردا، ئورنىنى بولسا ئىلى دەرياسى ئەتراپىدا يۈز بەرگەن دەپ كورسىتىدۇ.

فرانسۇز ئالىمى ل. بازېن ئوزىنىڭ «قېدىمىي تۈرك خەلقلىرىنىڭ ياش كونسېپتسىيەسى» (1959 - ژىل) دېگەن ماقالىسىدا 12 مۇچەلنى تۈركىيلەر خىتايلاردىن 6 - ئەسىردە قوبۇل قىلغان دېگەن پىكىرنى ئالغا سۈرگەن. لېكىن كېيىنكى تەتقىقاتچىلار بۇ پىكىرنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئابدۇرېھىم سابىت «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» (1981 - ژىل) كىتاۋىدا 12 مۇچەلنى خىتايلار ئۇيغۇرلاردىن ئالغانلىقىنى دەلىللىگەن بولسا، رۇس ئالىمى ئا. سمولىنىكى خىتاي مەنبەلىرىگە تايىنىپ، مۇچەلنى خىتايلار ئۇيغۇرلارنىڭ قېدىمىي ئەجدادى ھۇنلاردىن مىلادىدىن بۇرۇن ئالغانلىقىنى تەكىتلىدى. (ژۇرنال «پروبلېمى دالنېگو ۋوستوكا»، 1989، 1 - ، 206 - بەت).

يازما يادىكارلىقلارغا مۇراجىئەت قىلساق، 7 - 8 - ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار ئايلارنى بىرىنچى ئاي، ئىككىنچى ئاي دەپ تەرتىپ سانلار بىلەن ئاتىغان. ھازىرقى كۈندە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىدا شۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە مەھمۇت قەشقەرىيمۇ مەلۇمات بەرگەن: «تۈركلەردە ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنىنىڭ ئېتى يوق. چۈنكى «ھەپتە» دېگەن ئۇقۇم ئىسلامدىن كېيىن پەيدا بولغان. ئەندى ئايلارنىڭ نامىغا كەلسەك، شەھەرلەردە ئەرەپچە ئاي نامىلىرى قوللىنىلىدۇ. كوچمەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەر ژىلنى تورت پەسىلگە بولۇپ، ھەر ئۈچ ئاينى بىر نام بىلەن ئاتايدۇ. ژىلنىڭ ئوتۇشىنى شۇ يول بىلەن بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، نەۋرۇزدىن (يېڭى ژىل س.م.) كېيىنكى ئۇنجا باھار ئېيىنى «ئوغلاق ئاي» ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاينى «ئۇلۇق ئوغلاق ئاي» دەيدۇ. چۈنكى بۇ ئايدا ئوغلاق چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاينى «ئۇلۇق ئاي» دەيدۇ. چۈنكى بۇ ئاي يازنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، بۇ چاغدا يەر - يۈزى تۈرلۈك ئازۇق - نېمەتلەرگە تولۇپ، مال - ۋارانلار سەمرىيدۇ، سۈت كوپىيىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كوپ ئىشلىتىلمىگەچكە قالغان ئاي نامىلىرىنى بۇ يەردە سوزلەپ ئولتارمايمەن. ئوزەڭ بىلدۈرال» (م. قەشقەرىي، تۈركىي تىللار دىۋانى، ئۈرۈمچى، 1981، 1 - توم، 452 - بەت). دېمەك، بۇ مەلۇماتقا قارىغاندا، ئۈچ ئاينىڭ نامى مەلۇم بولدى. شۇنداقلا ئىسلامدىن كېيىن ئەرەپلەرنىڭ ئاي نامىلىرى (مۇھەررەم، سەفەر، رابى ئەل - ئەۋۋەل، رابى ئاس - سانى، جۇمادا ئەل - ئۇلا، جۇمادا ئەل - ئاخىر، رەجەب، شەبان، رامادان، شەۋۋەل، زۇل - قەدا، زۇل - ھەججا) قوللىنىشقا باشلىدى. كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇلارنىڭ نامىلىرى ئوزگەرتىلىپ، مۇنۇ ئاتالغۇلار قوللاندى. ھوشۇر، سەپەر، خوشنىسى، جۇمادىل ئەۋۋەل، جۇمادىل ئاخىر، تالاش، دۇئا، بارات، روزا، ھېيت، ئارا، قۇربان. شائىرىمىز بىلال نازىم ئىككىلا تىزىمدىكى ئايلاردىن پايدىلانغان. ئۇ «غەزەلىيات» داستانىنى ئاياقلاشتۇرغاندا پەسىل ۋە ئاينى سەنە سۈپىتىدە تەكىتلىگەن.

ئەگەر فەسلىن سورار بولساڭ ھەمەلدۇر،
ئەگەر ئايدىن ئېسە بىلگىل دۇئانى.

ئەندى «چاكموزا يۇسۇپخان» پوئېمىسىنى تاماملىغاندا، مۇنداق يېزىپ قالدۇرغان. تارىخقا 1299دا ئات يىلى ماھى رابى ئەل - ئەۋۋەلنىڭ تورتى، دۈشەنبە كۈنى. بۇ ئەنئەنە 20 - ئەسىردىمۇ داۋاملاشتى. مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس ئالىملار ئا. باسقاقوۋ بىلەن ناسىلوۋلارنىڭ «ئۇيغۇرچە - رۇسچە لۇغىتىدا» (موسكۋا 1939 - ژىل) بۇ ھەقتە خېلىلا ئۇبدان دېرەكلەر مەۋجۇت.

مەن ژۇقۇرىدا ئاتالغان ماقالەمدە (ئەگەر ھاجەت بولسا) خەلقىمىزنىڭ قېدىمىي تارىخىنى، مەدەنىيىتىگە تايىنىپ، ئىلمىي ۋە ئېستېتىكىلىق جەھەتتىن تەربىيەۋىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاي نامىلىرىغا يېڭى ئاتالغۇلارنى تەۋسىيە قىلغان ئىدىم. ئۇلار توۋەندىكىچە:

يانۋار - تەڭرى. ژىلنىڭ بېشىنى تەڭرىدىن باشلاش ئورۇنلۇق. چۈنكى ئۇيغۇرلار تارىخىدا بۇ سوز ئىلاھىي مۇقەددەس ئۇقۇمغا ئىگە. تەڭرى تاغ، خان تەڭرى ئۇيغۇر زېمىنىنىڭ سىمۋولى. مىلادىدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار پادىشانى تەڭرىقۇت دەپ ئاتاشقان.

فېۋرال - ئوغۇز. بۇ سوز ئەڭ قېدىمىي دەۋردىكى ئۇيغۇر ئېتنونىمىنىڭ سىنونىمى (توققۇز ئوغۇز - توققۇز ئۇيغۇر) قېدىمىي تۈركلەرنىڭ ئوغۇزدەك ئۇيۇشقان، ئىناقلاشقان قەبىلىلەر بىرلەشمىسى. مىلادىدىن ئاۋۋال ئوغۇزخان ئوزىنى «مەن ئۇيغۇر خاقانى» دەپ جاكالىغان.

مارت - نازۇك. باھارپەسلىنىڭ بىرىنچى ئېيى، كوك - ياش چېچەكلىگەن ئاي. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان قىزى نازۇكۇم تۇغۇلغان ئاي. خانۇم - قىزلار بايرىمى.

ئاپرېل - ئوغلاق. مەھمۇت قەشقەرىينىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلىنىپ ئوز ئەكسىچە قالدۇرۇلدى.

ماي - ئىپار. گۈل - چېچەكلەر ئېچىلىپ، زېمىننى خوش پۇراق قاپلىغان پەيت. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى ئىپارخان شۇ ئايدا تۇغۇلغان.

ئىيۇن - ئۇلۇق. بۇمۇ مەھمۇت قەشقەرىينىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلىنىپ ئوز ئورنىغا قويۇلدى.

ئىيۇل - ئارسلان. قېدىمىي ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ توتېمى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر دولىتىنى قۇرغان خاقانلارغا شۇنىڭ ئاساسىدا بېرىلگەن ئۇنۋان - ئارسلانخان.

ئاۋغۇست - بۇغرا. قېدىمىي ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ توتېمى. قاراخانلار ئۇيغۇر دولىتىنى قۇرغان خانلارغا بېرىلگەن ئۇنۋان. مەسىلەن، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان

سېنتەبىر - بىلىك. 11 - ئەسىر ئۇيغۇر شېئرىيىتىنىڭ گۈلتاجى «قۇتادغۇبىلىكتىكى» سوز. يېڭى ئوقۇش ژىلى شۇ ئايدا باشلىنىدۇ.

ئوكتەبىر - مەشرەپ. ئۇيغۇرلار ئېتنوگرافىيەسىدىكى قېدىمىي ئەنئەنىۋىي مەراسىم.

نويابىر - ئەركىن. مۇستەقىللىق ئۇچۇن مىللىي - ئازاتلىق ئىنقىلاۋىي كوتىرىلگەن ھەم شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئېلان قىلىنغان ئاي.

دېكابىر - يالدا. بۇ ئايدىكى ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ قاراڭغۇ تۈنلەر شۇنداق ئاتىلىدۇ. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا مەھبۇبە چېچىنىڭ تۇم قارىلىقىنى تەسۋىرلىگەندە، ئۇشبۇ كەلىمەنى پوئېتىكىلىق ۋاستە سۈپىتىدە قوللىنىدۇ.

لېكىن، ئاكا - ئۇكا شاۋدۇن، غىلاجىدىن ئايۇپوۋلار بۇ تەۋسىيەنى رەت قىلىپ، ئاساسسىز قارشى پىكىرلەرنى ئىزھار قىلىدۇ. ئايۇپوۋلار «مىزان، ھوت، تومۇز» ئوخشاش ئاي نامىلىرىنى ئۇيغۇر دېخانلىرى مىڭ ژىللاردىن بۇيان ياكى ھازىرغىچە قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ» دەپ يازىدۇ. بۇ دۇرۇس مەلۇمات ئەمەس. م. قەشقەرىينىڭ 900 ژىل مۇقەددەم يېزىلغان كىتاۋىدا مۇنداق دېرەك يوق. ئىككىنچىدىن، مەزكۇر سوزلەر ئاي نامىلىرى سۈپىتىدە ئەمەس، باشقا مەنالاردا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ھوت، مىزان پەلەك بۇرچلىرى (زودىاك) 1991 - ژىلى ئۈرۈمچىدە بېسىلغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىدا» تومۇز سوزىگە ئىككى چۈشەنچە بېرىلگەن. 1 - ئەڭ ئىسسىق بولغان 6 - ۋە 8 - ئاي ئارىلىغىدىكى مەزگىل. 2 - ژىگىرمە تورت مەۋسۇمنىڭ بىرى بولۇپ، 7 - ئاينىڭ 22، 23 ياكى 24 - كۈنلىرى. دېمەك، مەزكۇر لۇغەتتە تومۇز سوزى ئاي نامى دېيىلمىگەن. ئۇلار ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئوزبەك، تۈرك، تۈركمەن ۋە باشقىلاردا تومۇز، مىزان، نەۋرۇز، چىللە سوزلىرى ئومۇملاشقان دېگەن پىكىرنى ئېيتىدۇ. بۇمۇ دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ئوزبەكلەر تورت سوزنى ئاي نامىلىرى سۈپىتىدە قوللانمايدۇ. نەۋرۇز سوزىنى تۈركلەر ۋە ئوزبەكلەرلا ئەمەس، ئۇنى يېڭى ژىل دەپ جاھانغا جارى قىلىدىغان ئىرانلىقلارمۇ ئاي نامىدا ئىشلەتمەيدۇ.

بۇرادەر ئايۇپوۋلارنىڭ ئايلارغا تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىسمىنى قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس دېيىشى ھەقىقەتكە ئويغۇنلاشمايدۇ. مەسىلەن، خەلقئارا كالېنداردىكى يانۋاردىن تارتىپ تا سېنتەبىرگىچە 8 ئاي تارىخىي شەخسلەر ئىسمىغا قويۇلغان ئاي نامىلىرى، قالغان تورتى 10،9،8،7 دېگەن ساناقلارنى بىلدۈرىدۇ.

مۇنازىرىمىزنى موشۇ جايدا توختىتىپ، دېمەكچى بولغىنىمىز شۇكى، ئويلىنىپ پىچىلغان تون كالتە بولمىغىنىدەك، بۇ مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە بىر تەرەپلىمىلىك، ئالدىراقسانلىققا يول بەرمەي، ئەمەلىي، ئىلمىي ئاساسلارغا سۈيەنگەن ھالدا مۇۋاپىق بىر قارارغا كېلىشىمىز لازىم.

ساۋۇت موللاۋۇتوۋ.
قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى غ. سەدۋاقاسوۋ نامىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق مەركىزى ئەدەبىيات بولۇمىنىڭ باشلىقى، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزىتى.

مەرىپەت بېغىنىڭ باغۋەنلىرى

قەلب ئەمرى بىلەن

ئىسھاق ئاكا ئىمرۇۋنىڭ نامى بىزنىڭ ناھىيەدىلا ئەمەس، سىرت جايلاردىمۇ كوپلىگەن كىشىلەرگە ياخشى مەلۇم. ئوزىنىڭ ئاڭلىق ھاياتىنى مەرىپەت ساھاسىغا بېغىشلىغان ئاتاقلىق پېداگوگ پۈتكۈل ئىش پائالىيىتىدە ياش ئەۋلاتقا سۈپەتلىك بىلىم بېرىش بىلەن بىللە ئۇلارنى ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىك روھتا تەربىيەلەشكە، مىللىي تىل ۋە ئەدەبىياتىمىزنى قەدىرلەشكە دەۋەت قىلىپ كەلگەن ئۇستاز.

ئىسھاق ئاكا ئىمرۇۋ 1952 - ژىلى كەتمەن ئوتتۇرا مەكتىۋىنى تاماملىغىنىدىن كېيىن ئوزىنىڭ كىندىك قېنى توكۇلگەن كىچىك دېخان يېزىسىدىكى يەتتە ژىللىق مەكتەپتە دەسلەپ تەربىيەچى بولۇپ ئىشلەپ ژۈردى. بىر ژىل ئوتكەندىن كېيىن كۆدەك چاغلىرىدىكى ئارزۇ ئارمىنىنى ئادا قىلىش مەخسىتىدە تاشكەنت شەھرىگە كېلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا دولەت ئۇنىۋېرسىتېتى (ھازىرقى تاشكەنت دولەت ئۇنىۋېرسىتېتى) شەرىق فاكۇلتېتىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىگە ئوقۇشقا چۈشىدۇ. ئۇ قىيىنچىلىقى بىلەن قىزىقچىلىقى مول بەش ژىللىق ستۇدېنتلىق دەۋرىدە تىرىشىپ بىلىم ئېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئۇ يەردىكى ئىلمىي جەمىيەتلەرنىڭ ئىشلىرىغا قىزغىن قاتنىشىپ ژۈردى. جاي - جايلاردىن كېلىپ، ھەر خىل ئوقۇش ئورۇنلىرىدا بىلىم ئېلىۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرى بىلەن باش قوشۇپ، تارىخىمىز، مەدەنىيىتىمىز، سەنئىتىمىز، تىل ۋە ئەدەبىياتىمىز بويىچە ھەر خىل چارە - تەدبىرلەرنى ئوتكۈزۈپ تۇرۇشنىڭ تەشەببۇسكارى بولدى. شۇ ستۇدېنتلىق دەۋرلىرىدىن باشلاپلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەندى، تالانتلىق ئالىم مۇرات ھەمرايېۋ بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ ژۈرگەنلىكىنى ئۇ مەمنۇنىيەت بىلەن ئەسلەيدۇ.

1958 - ژىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى مۇۋاپپەقىيەتلىك تاماملىغان ئىسھاق ئىمرۇۋ ناھىيەلىك مائارىپ بولۇمىگە ئىنسپېكتور بولۇپ ئىشقا ئورۇنلىشىدۇ. ئۇ يەردە بىر نەچچە ژىللار ئۇنۇملۇك خىزمەت قىلغىنىدىن كېيىن ئائىلىۋىي شارائىتىغا باغلىق ئوز يۇرتىغا كېلىپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى پەنىدىن مۇئەللىم، ئىلمىي مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ ژۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ناھىيەلىك مائارىپ بولۇمىنىڭ تەلىۋى بويىچە ناھىيە مەركىزىگە چاقىرتىلىپ، ئون ژىل مابەينىدە ئىنسپېكتور ۋەزىپىسىنى ئاتقۇردى. ئوقۇتۇش، تەربىيە ئىشلىرىنىڭ سىرىنى مۇكەممەل بىلىدىغان ئىسھاق ئاكا ئىمرۇۋ ئاخىرقى ژىللاردا شىرىن، تاشتىقارا ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە مەكتەپ مۇدىرى لاۋازىملىرىدا بولدى.

ئىسھاق ئاكىنىڭ مەرىپەتچىلىك پائالىيىتىدە ئوز پەنى بويىچە چىقارغان كورنەكلىك قوراللىرى، دىداكتىكىلىق ماتېرىياللىرى، جەدۋەللىرى سان - ساناقسىز، دەرسلەرنى ھەر قاچان شۇلاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئوتىدىغان ئۈلگىلىك ئۇستاز. ناھىيەلىك، ۋىلايەتلىك كورگەزمىلەرگە قاتنىشىپ، ھەر قاچان ئالدىنقى ئورۇنلاردىن كورۇنۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى موسكۋادىكى پېتكول ئىنستى-

ياقلىق خەلق ئېگىلىكى مۇۋاپپەقىيەتلىرى كورگەزمىسىگە تەۋسىيە قىلىنغان. شۇنداقلا ئۇ ھەرقېتىمقى تىل ۋە ئەدەبىيات مەسىلىلىرىگە ئائىت ھەر خىل ماۋزۇلار ئاساسىدا ئوتكۈزۈلىدىغان پېداگوگىكىلىق ئوقۇشلارغا قاتنىشىپ، ئىش تەجرىبىلىرى مۇئەللىملەر ئارىسىدا تەرغىب قىلىنماقتا. ئىمرۇۋنىڭ ئىش پائالىيىتى ساھاسىدىكى مەسئۇلدارلىق ئەمگىكى بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى پەنى بويىچە ئېلىپ بېرىۋاتقان كەڭ كولەمدىكى مېتودىكىلىق، تەتقىقاتلىق ئىشلىرىدۇر. ئۇنىڭ ئەمگەكلىرى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مۇناسىپ باھالانغان. ئۇ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىدىن يېزىلغان بىر نەچچە دەرسلىكلەرنىڭ مۇئەللىپى ۋە قوشۇمچە مۇئەللىپىدۇر. ئاتاپ ئېيتقاندا، 1968 - ژىلى مۇرات ھەمرايېۋ بىلەن ھەمكارلىقتا 9 - سىنىپلار ئۇچۇن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دەرسلىكىگە مۇئەللىپ بولسا، بۇ دەرسلىك 1990 - ژىلى ب. ئەرشىدىنوۋ بىلەن ھەمكارلىقتا قوشۇمچە ماتېرىياللار بىلەن تولۇقتۇرۇلۇپ، 10 - سىنىپ دەرسلىكى بولۇپ چىقىرىلدى. 1969 - ژىلى 5 - 6 - سىنىپلار ئۇچۇن ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسىنىڭ مورفولوگىيە بولۇمى بويىچە جەدۋەلى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ تەرىپىدىن يېزىلغان رۇس مەكتەپلىرىنىڭ 3 - 4 - سىنىپلىرىدا ئۇيغۇر تىلىنى ئوقۇتۇش دەرسلىكى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ، ھازىر ئۇ «راۋۇان» نەشرىياتىدىن چىقىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

پېشقەدەم پېداگوگ ھەم تىلشۇناس ئىسھاق ئاكا ئىمرۇۋ ھازىر 6 - سىنىپلار ئۇچۇن ئۇيغۇر تىلىنى ئوقۇتۇش مېتودىكىلىق قوللانمىسى ئۈستىدە ئىش ئېلىپ بارماقتا. ئۇ ناھىيە پېداگوگلىرىنىڭ يازلىق ۋە قىشلىق كېڭەشمىلىرىدە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى سېكسىيەسىنى باشقۇرۇپ، ئوزىنىڭ مول تەجرىبىسىنى جارى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ 40 ژىلدىن ئارتۇق مەرىپەتچىلىك پائالىيىتىدىكى ئۇنۇملۇك ئەمگىكى ژۇقۇرى ئورۇنلار تەرىپىدىن مۇناسىپ باھالىنىپ كەلدى. ئۇ تالاي قېتىم قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ، ناھىيەلىك، ۋىلايەتلىك خەلققە بىلىم بېرىش مەھكىمىلىرىنىڭ پەخرىي يارلىقلىرى، دىپلوملىرى بىلەن تەغدىرلەنگەن. بۇلاردىن باشقا ئۇ 1982 - ژىلى «قازاقىستان مائارىپ ئەلاچىسى» 1987 - ژىلى «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىگە خىزمەت كورسەتكەن مۇئەللىم» دېگەن پەخرىي ناملارغا مۇيەسسەر بولدى.

ئىسھاق ئاكا ئىمرۇۋنىڭ قولىدىن ئۇچۇم بولۇپ، ھازىر جاي - جايلاردا ژۇقۇرى لاۋازىملىق خىزمەتلەردە ئىشلەۋاتقان ئۇستازلار بىلەن دوختۇرلار، ئىنژېنېرلار، سەنئەتچىلەر، ژۇرنالىستلار، ئالىملار ۋە باشقىمۇ كەسىپ ئېگىلىرى يۈزلەپ سانىلىدۇ.

ئىسھاق ئاكا ئىمرۇۋ ھەقىقەتەنمۇ بىلىم بېغىنىڭ باغۋىنىدۇر. ئۇ ئوزىنىڭ كوپ ژىللىق ئەمگىكىنىڭ بوشقا كەتمىگىنىگە پەخىرلىنىدۇ. ئۇ ئوزى ئىشلەۋاتقان مەكتەپتە كېلەچەك ئېگىلىرىگە پەقەت ئوز كەسپىي بويىچە تەلىم بېرىپ قالماي، خەلقىمىز كوپ ئەسىرلەردىن بېرى ئەدەبىي، مەدەنىي مىراسلىرىنى قالدۇرۇپ كەلگەن ئەرەپ گرافىكىسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىغىنى ئۈگىنىشكە كۈچ سالماقتا.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىمكى، ئىسھاق ئاكا پېشقەدەم ئۇستازلا بولۇپ قالماي ماھىر سازەندىدۇر. ئۇ ئومۇرلۇك جۇپتى رىنا ھەدە توختاخۇنوۋا بىلەن قىرىق ژىل ئوي - ئوچاقلىق بولۇپ، بەش پەرزەندىنى قاتارغا قوشقان ئۈلگىلىك ئائىلە ئېگىسى. باللىرىنىڭ ھەممىسى ئوزلىرى خالىغان كەسىپلىرىنى ئېگىلەپ، ھەر خىل ئىش ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتىدۇ.

تۇيغۇن رەمەكوۋ.
ئۇيغۇر ناھىيەسى.

قىزىقارلىق ئەھۋاللار

ئوغرىلار قۇتۇلدۇردى

مېرجورى ئېلفىنستوننىڭ ۋە ئۇنىڭ ئېرى، باي زېمىندار ئۇئولتېر ئىننىز، شوتلاندىيەدىكى ئوزلىرىنىڭ «ئاردتانىر» دېگەن شەخسىي جاگزىسىدا بەختلىك ياشاۋاتاتتى. لېكىن 1604 - ژىلى مېرجورى ناز ۋاقىت ئاغرىپ ئولگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بەختى تۈگىگەن ئىدى. مېرجورىنى شۇ دەۋردە قېلىپلاشقان ئادەت بويىچە، ئۇنىڭغا بارلىق قىممەت باھالىق بۇيۇملىرىنى تاقاپ، كىيىندۈرۈپ دەپنە قىلغان ئىدى. ئون يېتىپ قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا بىر نەچچە ئوغرى قەبرىستانلىققا بېرىپ، باي خېنىمنىڭ قەبرىسىنى ئاچتى. ئوغرىلار ئۇنىڭ قوللىرىدىن قىممەت باھالىق ئۈزۈكلەر بىلەن بىلەيزۈكلەرنى چىقىرىشقا باشلىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ دەسلەپكى ھەرىكەتلىرىدىنلا «مەرھۇمە» مىدىرلاپ كەتتى. بۇنىڭدىن دەھشەتلەنگەن ئوغرىلار قېچىشتى.

مېرجورى ئۇززۇل - كېسەل ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن دەرھال ئولۇك ساندۇقىدىن چىقىپ ئويىگە راۋان بولدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئېرى بىلەن ئۇرۇق - تۇققانلىرى نەزىر - چىراق ئوتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇئولتېر ئىشىك ئالدىدا بىرتۇيۇش ئاڭلاپ: «ئەگەر مەن ئايالىمنىڭ ئولگەن قىياپىتىنى كورمىگەن بولسام، ئۇ چاغدا بۇ ئۇنىڭ مېڭىپ كېلىۋاتقانلىقىغا قەسەم قىلىشقا تەييار تۇرغان بولار ئىدىم» - دېگەن.

شۇنداق قىلىپ، مېرجورى ئۇ دۇنيادىن قايتىپ كېلىپ، ئېرى ئولۇپ يەنە ئالتە ژىل ياشىغان. ئۇ 1622 - ژىلى (بۇ قېتىم ئۇززۇل - كېسەل) ۋاپات بولغان ۋە ئۇنىڭ قەبرىنى تاھازىرمۇ شوتلاندىيەنىڭ ئىنۋېرنېس شەھرىدىكى قەبرىستانلىقتا كورۇش مۇمكىن.

ئولگەندىن كېيىن - ئەرگە تەگدى

خىتايلاردا: كىمدۇ - كىم بۇ دۇنيادا تۇرمۇشقا چىقماي، ياكى ئويلەنمەي ئولۇپ كەتسە، ئۇ دۇنيادىمۇ يالغۇز قالىدۇ، دېگەن خۇراپىي ئادەت بار. قاتىللار بىر سودىگەرنىڭ 19 ياشلىق قىزىنى ئولتۈرۈۋەتتى، ئەندى خۇراپىي ئادەت بولسا دەپنە مەراسىمى ئالدىدا... ئۇنى ئەرگە بېرىشنى قارار قىلغان. «بولغۇسى كېلىنىنىڭ» ئاتىسى ناھايىتى باي ئادەم بولغانلىقتىن، ئۇنى ئالىمەن دېگۈچىلەر كوپ بولدى. توي بارلىق قائىدىلەرگە رىئايە قىلىش بىلەن ئوتتى ۋە ياش كۈيئوغۇل ئەنئەنىۋىي ئوزى تاللىۋالغان نىكارىغا ئولگىچە سادىق بولۇشقا رازىمۇ - دېگەن سوئالغا ساپ ۋىجدانى بىلەن «ھەئە» - دەپ جاۋاپ بەرگەن.

خۇدادىن قورقۇش ۋە... جىنايەتچىلەر

ئالىم ئې.ك. نائومۇۋ بىر ئېنېرگېتىكىنى تەرغىب قىلغانلىقى ئۇچۇن تۈرمىگە قامالغان ئىدى. ئۇ ياتقان لاگېرنىڭ كومېندانتىغا ئۇنىڭ ئاغرىقلارنى داۋالاش ئۇسۇلى ۋە مېھىر - شەپقەتلىك بولۇشنى تەرغىب قىلىۋاتقانلىقى ياقمىغان ئىدى. كومېندانت نائومۇۋقا ياۋۇزلۇق كۈچىنى نامايىش قىلىشنى قارار قىلدى ۋە جىنايەتچىلەرگە ھاراق ئىچكۈزۈپ، ئاندىن ئۇلارغا ئوز دوختۇرنى ئولتۈرۈشنى تاپىلىدى. ئالىم يالغۇز ياتىدىغان كامېرىسىدا كىتاپ يېزىپ ئولتارغاندا، مەس باش كېسەرلەر ئىشىكنى ئېچىشقا باشلىدى. ئۇلار پىچاقلارنى ۋە تومۇر پارچىلىرىنى تۇتقان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

نائومۇۋقا كىتاپ قولىيازمىسىنى مەيدىسىگە بېسىپ تۇرۇپ، بىردىنلا: «ھەي خۇدا، مەن نېمە ئۇچۇن ئولۇشۇم كېرەك؟ بۇ ئېزىقلارنى قۇتۇلدۇرايلى!»... دەپ ۋاقىراشتىن باشقا ئامال قالمىغان ئىدى. نەق ئەينە شۇنىڭدىن كېيىن ئەجايىپ غەلىتى نەرسە يۈز بەردى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا خۇددى ھاۋا قويۇقلىشىپ غۇژمەكلەشكەندەك بولدى - غۇۋا يورۇق تام ھاسىل بولۇپ، باش كېسەرلەر ئەينە شۇنىڭغا تاقىلىپ قېلىشقا باشلىدى. ئۇلار ئەينە شۇنىڭغا ئۇرۇلۇپ، ئوز قورۇۋاندىن بىر يېرىم مېتىر ئارىلىقتا ژىقىلدى.

ئەينە شۇنىڭدىن كېيىن لاگېر كومېندانتى بىرلىشىپ ھېسابلىغاندىكى بارلىق جىنايەتچىلەر ئۇنىڭدىن قورقىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ بەختىگە يارىشا، چەت ئەل ئالىملىرى ۋە جەمئىيەت ئەرباپلىرىنىڭ كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە نائوموۋ قاماقتىن بوشىتىلدى. بۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ھادىسىلەر كوپلىگەن ئالىملارنى ئىلاھى كۈچلەرنىڭ رېئال بار ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈردى.

ئانا يۇرت ـــ ئالتۇن دىيار

ئابدۇقادىر يۇنۇس

قاشتېشى ھەققىدە پاراڭلار

(ئاخىرى، بېشى ئوتكەن ساندا)

ش ئۇ ئا رنىڭ قاشتېشى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەر تارىخىدىن ئېلىپ قارىغاندا، ئەڭ بۇرۇن قېزىلغان. مەشھۇر «ئىپەك يولى» بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىلا دىيارىمىزدا «قاشتېشى يولى» بارلىققا كەلگەن.

ئىچكى ئۆلكىلەرگە مىلادىدىن بىر قانچە ئەسىر بۇرۇن قاشتېشى توشۇلىدىغان ئوتەڭلەر (ئېغىزلار) قاش قوۋۇق دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان.

ئالىملارنىڭ تەتقىقاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، داۋ نىڭ مەدەنىيىتىدىن (ئازۇك تاش قۇراللار دەۋرى) شاڭ سۇلالىسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 17 ـ ئەسىردىن 11 ـ ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىت) غىچە بولغان دەۋرگە ئائىت بىر يۈرۈش قەبرىلەردىن تېپىلغان قەدىمقى قاشتاشلىرى شىنجاڭ نىڭ قاشتېشىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان.

قۇمۇلدىمۇ قاش تېشى چىقىدۇ. ماۋزېدۇڭ خاتىرە سارىيى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئاق قاش تېشى قۇمۇلدىن يوتكەپ بېرىلگەن.

1789 ـ يىلى يەركەنت بېگى يۈسۈپ 8 ـ 13 تونىنا ئېغىرلىقتىكى ئۈچ پارچە قاشتېشىنى قازدۇرغان. بۇنى يوتكەشتە چوڭىسى 60 ئات، كىچىكلىرىنى 40 ئات بىلەن سورۇتۇپ، پەيزاۋاتقا ئاپىرىلغان. ھارۋا ۋە ئادەملەر بىلەن بىللە سۇغا چۈشۈپ كېتىپ، قاشتېشى تال دېگەن يەرگە يوتكەپ كەلگەن. كېيىن ئىچكىرىگە يوتكەشكە ئىلاجسىز قالغانلىقتىن، 120 يىل شۇ يەردە تاشلىنىپ قالغان.

چىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا ئوتتۇرلاق شىڭ غەربىدىكى 24 مىڭ جىڭ ئېغىرلىقتىكى قاشتېشى تېپىلغان. ئۇنى بېجىڭغا يوتكەش ئۈچۈن زور كۈچ سەرپ قىلىنغان بولسىمۇ كۆچارەچە ئارانى يوتكەلگەن. ئىلاجسىز ئىچكىرىگە يوتكەلمىگەن.

بېجىندىكى گۇگۇڭدا شىنجاڭنىڭ قاشتېشىغا ئويۇلغان ئويما سۈرەتلەر ۋە قاشتېشى بۇيۇملىرى بار. بۇنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن «قاشتېشى تېغىدا كۈزگى سەيلە»، «خۇيچاڭدا توققۇز پېشقەدەمنىڭ سەيلە قىلىشى»، «دايۇڭنىڭ سۇنى تىزگىنلىشى» قاتارلىق بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر بىرى 100 جىڭدىن ئاشىدىغان كوك قاشتېشىغا ئويۇلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىن يوتكەپ بېرىلگەن. چيەنلوڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقىتتا (1736 ـ 1795)دا 10 مىڭ 700 جىڭ ئېغىرلىقتىكى بىر پارچە قاشتېشى بىر قانچە يۈز ئات ۋە مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بىلەن ئۈچ يىل ئىچىدە 4 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يول بېسىپ، بېجىنغا يوتكەلگەن. ئۇ يەنە ئويمىچىلىق يۇرتى ـــ ياڭجۇغا يوتكەلگەن، ئالتە يىل ئىچىدە بىر قانچە يۈزلىگەن ئويمىچى ئويۇپ چىقىپ، ئاندىن يەنە بېجىنغا يوتكەلگەن. بۇ قاشتېشى «دايۇڭنىڭ سۇنى تىزگىنلىشى» دېگەن مەزمۇندا ئويۇلغان.

ئۇيغۇرلار دىيارى ئەزەلدىن تارتىپ ئەپس قاشتېشى مەھسۇلاتى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. قاشتېشىنىڭ زاپىسى مول، تۈرى كوپ، سۈپىتى ياخشى بولۇپ، ساپ ئاق قاشتېشى، يېشىل قاشتېشى دەپ بىر قانچە خىلغا بولۇنىدۇ. قاشتېشى ئويمىچىلىقىنى تەتقىق قىلىش، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۇسلۇبتىكى قاشتېشى مەھسۇلاتلىرى دۇنيا بازىرىغا ئېلىپ چىقىلىپ، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ھالدا يېڭى تەرەققىياتقا ئىگە بولماقتا.

1949 ـ يىلدىن كېيىن قاشتېشى ئېچىش ئىشىنىڭ تەرەققىياتى تېزلەشتى. ھازىر ش ئۇ ئاردا قاشتېشى ئېچىپ ئىشلەيدىغان كان رايونلىرى كۆپەيدى. ئۈرۈمچى، خوتەن، چەرچەن قاتارلىق جايلاردا ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋودلىرى ياكى قاشتېشى ئويمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئەت كارخانىلىرى بەرپا قىلىندى.

خوتەندىكى قارىقاش دەرياسىنىڭ ژۇقۇرى ئېقىنىدىن ساپ ئېغىرلىغى 500 كىلوگرامدىن ئارتۇق كېلىدىغان قاشتېشى چىققان.

ش ئۇ ئار قاشتېشى چىقىدىغان ئاساسىي بازىلارنىڭ بىرى. مەملىكەتنىڭ تاشقى ئېكسپورتىدىكى ھەر خىل قاشتېشى مەھسۇلاتلىرىنىڭ كوپ قىسمى ش ئۇ ئار قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن.

قېدىمقى دەۋرلەردە جۇڭگولۇقلار قاشتېشىنى قەدىرلەتتى. شۇڭا قاشتېشىنىڭ باھاسى ئالتۇن، كۈمۈچ باھاسىدىنمۇ ئۈستۈن ئىدى ۋە كىشىلەر ئۇنى تىل تۇمار قىلىپ ئىشلەتتى.

يېڭى تاش قۇراللار دەۋرىگە ئائىت تاش پالتىلارمۇ قاش تېشىدىن ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىسى ئىنتايىن ئوتكۇر. بۇ بىزگە ئەجداتلىرىمىزنىڭ شۇ دەۋرلەردىلا قاشتېشىدىن ھەر خىل قۇراللارنى ياسىغانلىقىنى كورستىدۇ.

كېيىنكى چاغلاردا يورۇڭقاش دەرياسىدىن (خوتەندىكى) بىر قانچە 10 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى قاشتېشى تېپىلغان. بۇ خۇددى قۇيرۇق مايغا ئوخشاش سىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن قۇيرۇق قاشتېشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

تارىختا ئۇيغۇرلار دىيارى «ئالتۇن ـ قاشتېشى يۇرتى» دېگەن گوزەل نام بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ كەلدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قاشتېشىنىڭ خەلق ئارا بازاردىكى ئورنى ژۇقۇرى كوتىرىلمەكتە، ئېھتىياجمۇ ئاشماقتا. ھازىر مەملىكەتتىكى 17 ئولكە، شەھەرنىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىق كارخانىلىرى خوتەنگە قاشتېشى بۇيرۇتما قىلماقتا.

ئەگەر قاشتېشى شارچىسى بىلەن تەڭ چوڭلۇقتىكى پولات شارچىسىنى ئوخشاش بېسىم بىلەن باسساق، پولات شارچىسى يېرىلىدۇ، قاشتېشى شارچىسى ھېچ نېمە بولمايدۇ.

مەھمۇت قەشقەرىي ۋە قاشتېشى

قاشتېشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تارىخى ئۇزۇن، ئالاھىدە كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرى. شۇڭا ئۇ «ئىپەك يولى» بارلىققا كېلىشتىن بىر قانچە مىڭ يىل ئىلگىرى دۇنياغا مەشھۇر ئىدى. تارىخى ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، بۇنىڭدىن 7000 يىل بۇرۇنقى يېڭى تاش قۇرال دەۋرىدە قاش تېشىدىن ئىشلەنگەن سايمانلار بار بولغان. ئىشەنچلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندىمۇ، ئىچكى ئولكىلەردىكى قېدىمكى يادىكارلىقلاردىن تېپىلغان قاشتاشلىرىنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىن ئېلىپ بېرىلغانلىقى قەيت قىلىنغان.

بۇ ھەقتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سويۈملۈك پەرزەندى، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىي ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قاشتېشى توغرىسىدا قىممەتلىك مەلۇمات بەرگەن.

مەھمۇت قەشقەرىي «دىۋان»نىڭ 3 ـ توم 208 ـ بېتىدە قاشتېشىنىڭ رەڭگى، ئىشلىتىلىشى ۋە ئۇنىڭ ماكانى ھەققىدە مۇنداق يازغان:

«قاش ـ قاشتاش بۇ بىر خىل سۈزۈك تاش بولۇپ، ئاق ۋە قارا رەڭلەردە كورۈلىدۇ. بۇنىڭ ئېقىنى گۈلدۈرمامىدىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ۋە چاقماق چۈشۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈزۈككە كوز قىلىدۇ.

قاش كۈز ـ قاش ئوگۈز. خوتەن شەھىرىنىڭ ئىككى بېقىنىدا ئاقىدىغان ئىككى دەريا. بىرى «ئورىڭ قاش ئوگۈز. يورۇڭقاش دەرياسى» دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۈزۈك ئاق تاش چىققاچقا، دەريامۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان. يەنە بىرى «قرا قاش ئوگۈز ـ قارقاش دەرياسى» دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۈزۈك قارا تاش چىقىدۇ. بۇ تاشلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن چىقمايدۇ، پەقەت موشۇ يەردىلا چىقىدۇ».

يەنە شۇ كىتابنىڭ 26 ـ بېتىدە «كىمنىڭ يېنىدا قاشتېشى بولسا، ئۇنىڭغا چاقماق تەگمەيدۇ. قاشتېشى ئاق، سۈزۈك بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئۈزۈك قىلىپ سالىدۇ. بۇ ئۈزۈكنى سېلىۋالغان كىشىلەرگە چاقماق تەگمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تەبىئىتى شۇنداق. بۇ تاشنى بوز (لاتا)غا ئوراپ ئوتقا تاشلىغاندا بوزمۇ، تاشمۇ كويمەيدۇ، بۇ سىنالغان. ئۇسسىغان ئادەم بۇنى ئاغزىغا سالسا، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ» دېيىلگەن.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىي ئوزىنىڭ رىيال تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، زامان تېخنىكىسى رىۋاج تاپمىغان مەزگىللەردە قاشتېشىنىڭ خسلەتلىرىنى بىزگە كورسىتىپ بەرگەن.

يېقىندا قۇرۇم (كوئىنلۇن) تاغلىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن يەنى دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئېگىز تىك كەتكەن تاغلار ئارىسىدىن ئادەتتىكى قاشتاشلىرىغا ئوخشىمايدىغان، ئوزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قاشتېشى تېپىلدى. بۇنى جۇڭگو كانچىلىق داشوسىنىڭ ئالىي ئىنژېنېرى رۇن جىكەي تاپقان. بۇنىڭغا «شېرىن قاشتېشى» دەپ نام قويغان.

شېرىن قاشتېشىدا ھاراق قاچىلايدىغان قاچا ـ قۇمۇچ ياسىغاندا ياكى قاشتېشىنىڭ پارچىلىرىنى ھاراق قۇتىلىرىغا سېلىپ قويغاندا قىرتاق، كۈچلۈك ھاراق بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدىلا پۇراقلىق، تاتلىق ھاراققا ئايلىنىدىكەن. ئۇ ھاراق تەركىۋىدىكى قىرتاق، ئاچچىق، سېپۇراقلارنى يوقىتىپ، كىشىنى ھوزۇرلەندۇرىدىغان، تەملىك ھاراققا ئوزگەرتىدىكەن ھەمدە ھاراق قاچىلانغان قاچا بىلەن قاشتېشى پارچىسىنى قايتا ئىشلەتكەندىمۇ ئۇنىڭ ئۇنۇمى يوقالمايدىكەن. يېقىندا بۇ خىل قاشتېشىنىڭ ئادەملەر ئۈچۈن زىيىنى بولمايدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. بۇ كوك رەڭلىك شېرىن قاشتېشىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىزناك، بىلەيزۈك، مېدالىيون ياساپ تاقىۋالسا، تېرە ۋە بەدەنگە پايدىلىق ئىكەن. بىر قىسىم مىكروئېلېمېنتلارنى قوبۇل قىلىدىكەن. بۇنىڭ كېسەلدىن مۇداپىەلىنىش، كوزنى ئاسراش، تىنچلاندۇرۇش، ئىشتىھانى ئېچىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش قاتارلىق روللىرى بار ئىكەن. بىز موشۇلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىقمۇ ئالىم مەھ

11 ـ ئەسىردىلا قاشتېشىنىڭ

مۇت تەشقەرىي

فىزىكىلىق، خىمىيەلىك خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ماكانى، شۇنىڭدەك تېبابەتچىلىك جەھەتلەردە توغرا ھوكۈم قىلغانلىقىنى كورۈپ ئالالايمىز.

* * *



سۈرەتلەردە: ئۇيغۇر مىللىي بىناكارلىقى.

شىنجاڭ ياشلار ـ ئوسمۇرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر ئۇسلۇب ـ ئادەتلىرى» كىتابىدىن فوتو كوچۈرمە.



ژىللار ۋە ئادەملەر

خەلقىمىزگە بولغان مۇھەببىتى چەكسىز ئىدى

سابىق شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئارمىيەسى ئوفىتسېرلىرىنىڭ مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاۋى ژىللىرىدا ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى يولىدا جان پىدا قىلىپ، كومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن بولغان شىددەتلىك جەڭلەردە كورسەتكەن جاسارىتى، قەھرىمانلارچە ئالغا ئىلگىرىلەپ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە ـ ئۇتۇقلىرى كىشىنى ھاياجانلاندۇرماي قويمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شېھىد بولغانلار ۋە ھازىر ھاياتلىرىمۇ بار. ئەينە شۇنداق ئوفىتسېرلارنىڭ بىرى، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاۋىدا ئۇزىنىڭ دىنداش قېرىنداشلىرى ئۇيغۇر جەڭچى ـ ئوفىتسېرلىرى ۋە باشقا مىللىي جەڭچىلەر بىلەن مۈرىگە ـ مۈرىنى تىرەپ جەڭ قىلغان ئوزبېك خەلقىنىڭ ئىچىدىن چىققان شاكىر مومىزا ئوغلى ماشانلۇدۇر.

سۈرەتتە: شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاۋىنىڭ ۋېتېرانى شاكىر مومىزا ئوغلى ماشانلۇ.

1946 ـ ژىلى چۈشكەن سۈرەت.

شاكىر مومىزا ئوغلى 1923 ـ ژىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلۇپ ئوستى. غۇلجىدا تاتار مەكتىۋىنى پۈتەرگەندىن كېيىن 1941 ـ 42 ـ ژىللىرى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان مال دوختۇرلۇق تېخنىكومىدا ئوقۇپ، ئۇنى تاماملىغان چاغدا غۇلجىدا مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاپ پارتلىغان ئىدى. ژۈرىگىدە مىللىي غۇرۇرى كۈچلۈك شاكىر مومىزا ئوغلى ھېچ ئىككىلەنمەي تۇرمايلا تۇغقان ئوترەدىگە پىدائىي بولۇپ كىردۇدە، ھەرەمباغ جەڭلىرىگە قاتنىشىدۇ. 1945 ـ 1946 ـ ژىللىرى تۇغقان ئاتلىق دېۋىزىيون ۋە تۇغقان ئاتلىق پولكىدا باش مال دوختۇرلۇق ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرىدۇ. ئۇ ئاتلارنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى. سەل ـ پەل ئاغرىۋاتقانلىرى بولسا دەرھال داۋالاپ ساقايتاتتى. يارامسىز ئاتلارنى سەپتىن چىقىراتتى. كەسىپكە بولغان ماھارىتىنى ئاشۇرۇپ ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلىپ، مىللىي ئارمىيە قىسمىنىڭ جەڭگىۋارلىق رولىنى جارى قىلدۇراتتى. مەسىلەن، 1945 ـ ژىلى ئاپرىلدا غۇلجىدىكى تۇغقان شتابى تەرىپىدىن تەييارلانغان ئۈچ يۈز ئاتنى بىرمۇ ـ بىر تەكشۈرۈشتىن ئوتكۈزۈپ، توغراسۇ، قوش ئەمچەك ئارقىلىق تاغ ئېشىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئالدىنقى سەپ داخىيا گىزىغا يەتكۈزۈپ باردى. ئىككىنچى قېتىم 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا يۈنچۈخو دۈشمەن دېۋىزىيەسىنىڭ مۇھاسىرىسىدە قالغاندا رەھبەرلىك تەرىپىدىن 100 ئاتنى يۈنچۈخو فرونتىغا يەتكۈزۈپ بېرىش ۋەزىپىسىنى شاكىر مومىزا ئوغلىغا ژۈكلىگەن ئىدى. ئۇ ئاتلارنى ھايداپ كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز دۈشمەن ئايروپلاننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. يەتتە ئات ئولۈپ، بىر جەڭچى ياردار بولىدۇ. قالغان ئاتلارنى بولسا ئۇ تۇرلۇك ئاماللار بىلەن يول تېپىپ دېگەن يەرگە يەتكۈزىدۇ. ئۈچىنچى قېتىم 1947 ـ ژىلى شاكىر ئاكا ئايىماس قارىيلار بىلەن ئالتايدا يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان ئاتلىق پولكقا 800 ئاتنى يەتكۈزۈپ بەردى.

1949 ـ ژىلى مىللىي ئارمىيە جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسىنىڭ 5 ـ كورپۇسى بولۇپ قۇرۇلغاندا دەسلەپ زاپاس، كېيىن 40 ـ ئاتلىق پولكتا باش مال دوختۇر ۋەزىپىسىنى ئوتەيدۇ. ئوكچى ـ مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەتتە بولساشاكىر مومىزا ئوغلى قىسمىغا ئۇچراپ تۇۋەنگە چۈشۈرۈلىدۇ. 1958 ـ ژىلى ئائىلىسى بىلەن سابىق كېڭەش ئېلىگە چىقىپ ئالمۇتا شەھىرىدىكى زارە ـ ۋوستوكا مەھەللىسىگە ئورۇنلىشىپ دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

كاپىتان شاكىر مومىزا ئوغلى مال دوختۇرلا ئەمەس، ئۇلۇمدىنمۇ قورقمايدىغان خەلق جەڭچىسى ئىدى. شۇنداقلا ئۇ غۇلجا شەھرىدە ياشلار ئارىسىدا داڭقى چىققان نوچى بولىدىغان. ئۇنىڭ باتۇرلۇغىنى بىلگەن شتاپ باشلىغى ئا. كەلىموۋ شاكىر مومىزا ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرتىپ:

ـ يولداش شاكىر، سىزگە بىر مۇھىم ۋەزىپە تاپشۇرماقچىمىز، نېمە دەيسىز؟ ـ دەيدۇ.

ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ھەر قانداق ۋەزىپىگە تەييارمەن! ـ دەيدۇ ئۇ.

شۇنىڭ بىلەن شاكىر مومىزا ئوغلىنى بىر گرۇپپا رازۋېتچىكلەرگە باشلىق قىلىپ، ماناس دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دۈشمەن ئەھۋالىنى بىلىپ ـ ئېكەللەپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئىككى كىلومېتىر ئىچكىرلەپ كىرىپ، ئېكىسى قېچىپ كەتكەن بىر جاڭزىدا پوستا تۇرغان كومىنداڭ ھەربىي قىسمىنىڭ ئىككى نەپەر مۇھىم ئادىمىنى چەبدەسلىك بىلەن تۇتۇپ شتاپقا يەتكۈزۈپ كېلىدۇ. ئۇلاردىن سوراپ دۈشمەن ئەھۋالى ئېگەللىنىدۇ.

مىللىي ئارمىيە قوماندانلىغى كاپىتان شاكىر مومىزا ئوغلىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاۋىدا كورسەتكەن خىزمەتلىرىنى ژۇقۇرى باھالاپ، ئۇنى پىدائىي، باھادىرلىق مېداللىرى ۋە غەربىي شىمال ئازاتلىقى ئوردېنلىرى بىلەن تەغدىرلىگەن.

خەلق ئىچىدە ژۇقۇرى ئابرويغا ئېگە شاكىر ئاكىنىڭ بىشكېك، ئالمۇتا شەھەرلىرىدە دوست ـ ئاغىنە، تونۇش ـ بىلىشلىرى كوپ. غۇلجا شەھرىدە ئۇ ئۇيغۇر، تاتار باللىرى بىلەن بىللە ئارىلىشىپ ئوسكەچكە بۇ خەلقلەرنىڭ مىللىي ئورپى ئادەت، قائىدە يوسۇنلىرىنى پىششىق بىلىدۇ. تا ھازىرغىچە بۇلاردىن ئوزىنىڭ دوستلۇق مۇھەببەت رىشتىنى ئۈزگىنى يوق. ئۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ناخشىلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتالايدۇ. راك، پەنجىگاھ مۇقاملىرى ۋە ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ناخشىلىرىنى ئېيتقاندا، ھېچ كىم قۇسۇر تاپالماي ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتىدۇ. بۇ شاكىر ئاكىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى كورستىدۇ، ئەلۋەتتە.

شاكىر مومىزا ئوغلى جامائەت ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئالمۇتا شەھرىدە بولۇپ ئوتىدىغان مەھەللە باشلىغى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۈزى قول سېلىپ ئىشلەپ، مەھەللىدىكى مەسچىت قۇرۇلۇشىغا قوشقان تۆھپىسى زوردۇر. ئۇ ياش ئوسمۇرلەرگە تۇغقان مىللىي ناخشىلىرىنى ئوگىتىپ ئوزلەشتۈرۈشتىمۇ ئالاھىدە كۈچ قوشقانلىقى ھەممىگە ئايان. 1982 ـ ژىلى ئالمۇتا شەھرىدە بىرىنچى قېتىم تۇغقان مىللىي ناخشىلىرىنى پلاستىنكىغا ئېلىشتا شاكىر ئاكا خىيازى، خارگى ۋە كەرىملار بىلەن بىرلىكتە ئورۇنلىغان ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرىپ، خەلقى ئۈچۈن ناھايىتى ئۇلۇغ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

ئىبراھىم ياۋاخۇن.
ئالمۇتا شەھىرى.

* * *

تەھرىراتتىن: مەزكۇر ماتېرىيال گېزىتكە تەييارلىنىۋاتقان كۈنلەردە شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاۋىغا ئوزىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشقان شاكىر مومىزا ئوغلى ماشانلۇنىڭ ئېغىر ئاغرىقتىن كېيىن ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. گېزىت تەھرىراتى شاكىر مومىزا ئوغلىنىڭ ۋاپات بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن مەرھۇمنىڭ ئائىلىسىگە، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىغا چوڭقۇر قايغۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

مۇلاھىزە

ئەخمەت ئەپەندى ۋە شۇ ناملىق رومان ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز

مەن يازغۇچى زىيا سەمەدىنىڭ «ئەخمەت ئەپەندى» رومانىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەندى بولغان بۇ زاتنىڭ شەخسىي كاتىپى بولۇپ ئىشلىگەنلىكىمدىن، مەزكۇر رومان ۋە ئۇنىڭ باش قەھرىمانى ھەققىدە قىسقىچە پىكىر قىلىشنى لايىق كۆردۈم.

زىيا سەمەدىنى مەن 1935-يىلىدىن باشلاپ بىلەتتىم. مېنىڭ دادام تېيىپ ھاجىم سابىتىي شۇ يىللىرى غۇلجىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېتەكچى تەشكىلاتى بولغان «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ» رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە مەن بەزىدە دادامنى ئەگىشىپ ئۇيۇشمىغا باراتتىم. ئۇ يەردە قاسىمجان قەمبىرىي، زىيا سەمەدىي، زىكرى ئەلپەتتا، ئابدۇۋەلى جارۇللايېۋ، روزى تەمبىر، سەيدۇللام رەخمىتۇللايېۋ، رازىيە خانىم، تۇرسۇن تېيىپ، ئابدۇنەبى ئاكا، غوپۇر قادىرھاجىيېۋ ئوخشاش بىر قاتار زىيالىيلار ۋە سەنئەت ماھىرلىرىنى كۆرگەن ئىدىم. شۇ چاغلاردا زىيا سەمەدىي «غېرىپ سەنەم»، «قانلىق داغ» ئەسەرلىرىنى يېزىپ سەھنىلەشتۈرۈپ، ھەتتا ئۆزىمۇ ئارتىست بولۇپ ئوينىغان ئىدى.

1937-يىلى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەبىھ دۈشمىنى شىڭ شىسەي خەلقىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەر زىيالىيلىرىنى ۋە موتىۋەر زاتلىرىنى ئاممىۋىي تۈردە جازالاپ، تۈرمىلەرگە تاشلىدى، قەتل قىلدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبىرىي يادروسى ت. سابىتى، ز. سەمەدىيلەر تۈرمىگە تاشلاندى.

ياش، تالانتلىق يازغۇچى ز. سەمەدىي يەتتە يىل خىتاي زىندانلىرىدا ئازاپ چەككەندە، قەبىھ دۈشمەننىڭ ھىلە-نەيرەڭلىرىنى، پسىخولوگىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن. ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مۇئەللىپ «ئەخمەت ئەپەندى» رومانىنى يېزىشتا دۈشمەن خاراكتېرىنى، ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشتە ئۆز ماھارىتىنى نامايىش قىلغان.

ز. سەمەدىي ئۆز ئەسەرىدە ئەخمەت ئەپەندىنىڭ غۇلجىدا تۇغۇلغانلىقىنى، تۇققانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن تاشكەنتكە بېرىپ ئوقۇغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن موسكۋاغا ئوقۇشقا بارغانلىقىنى، ئوقۇشىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن چۆچەك ئارقىلىق غۇلجىغا كەلگەنلىكىنى تەسۋىرلەيدۇ. ئە. قاسىمىي غۇلجىدا ئىسمى تارىخ دېگەن ئادەم بىلەن تونۇشۇپ، شۇ كىشى ئارقىلىق ئۇيغۇر تارىخىدىن خېلى مەلۇمات ئالىدۇ. شىڭ شىسەي جاسۇسلىرى ئەخمەت ئەپەندىنى قولغا ئالغاندا، ئۇ خىتاي ئىستىبداتلىرىنىڭ ياۋۇزلۇقلىرىنىڭ شاھىدى بولغانلىقىنى مۇئەللىپ ياخشى تەسۋىرلىگەن.

جىگگىرىن، شىڭ شىسەي ئوخشاش گومىنداڭچىلارنىڭ زۇلمىدىن ئازابلانغان خەلق 1944-يىلى كۈزدە ئىنقىلاپقا كۆتۈرۈلدى. ئەخمەتجان قاسىمىي دەسلەپكى كۈنلەردىن باشلاپلا ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتنىڭ ئىچىدە بولۇپ، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن دانا ئىشلىرى بىلەن پەيدىن-پەي ئېتىراپ قىلىنىشقا باشلايدۇ ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتكە خىزمەتكە جەلىپ قىلىنىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندى ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا جەلىپ قىلىنغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ۋە مىللىي ئارمىيەنىڭ قۇرۇلۇش لايىھەلىرىنى ئىشلەپ چىقىپ، ھەممىنىڭ كۆزىگە چېلىقىدۇ، ئاندىن ئەخمەت ئەپەندى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ھەربىي بۆلۈمىگە پولكوۋنىك ئۇنۋانى بىلەن باشلىق قىلىپ تەيىنلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ كادىرلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى روماندا تەدرىجىي رەۋىشتە بېرىلگەن.

مىللىي ئارمىيە غۇلجا، چۆچەك، ئالتايلارنى ئازات قىلىپ ماناسقا يەتكەندە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار دىيارىنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشتىن قورقۇپ قۇۋ ۋە ئۆتكۈر دىپلومات جاڭ جى جوڭنى شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى بىلەن سۆلھ تۈزۈپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندى ئۇيغۇر تارىخىنى، شۇنداقلا دۇنيادىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى ياخشى بىلىدىغان، ھەربىي - ئىختىسادىي جەھەتتىن خەۋەردار، ئىدرەكلىك، ئىستىداتلىق دىپلومات ئىدى.

1945-يىلى ئۆكتەبىردە ئۈرۈمچىدە گومىنداڭ ۋەكىلى جاڭ جى جوڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ سۆھبەت كۆرۈشى باشلىنىدۇ، 9 ئاي داۋام قىلغان بەس - مۇنازىرە كۆرەشلەردىن كېيىن جاڭ جى جوڭ «شىنجاڭدا ئەخمەت ئەپەندى ئوخشاش كۈچلۈك ئادەم بار دەپ ئويلىمىغان ئىكەنمەن» - دەپ ئىقرار بولغان بۇ قۇۋ ۋە پاراسەتلىك گومىنداڭ دىپلوماتى. ئۇنىڭ «چەنتۇلارنى ئوكايلا قولغا چۈشۈرۈۋالىمەن» دېگەن خام چوتى خاتا چىقتى.

11 ماددىلىق بىتىمگە 1946-يىلى 6-ئىيۇندا قول قويۇلدى، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتمۇ قۇرۇلدى. ئەخمەت ئەپەندى ئائىلىسى بىلەن 1946-يىلى ئاۋغۇستتا غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە چانىشېۋنىڭ بېغى نەنخۇايەنگە كۆچۈپ كېلىپ ئىشلەشكە باشلايدۇ.

بارغانسىرى ئەخمەت ئەپەندىنىڭ ئابرويى پۈتۈن ئۇيغۇرلار دىيارىغا تارقىلىدۇ، «ياشىسۇن، ئەخمەت ئەپەندى» دېگەن شارلار پەيدا بولىدۇ. گومىنداڭچىلار چىدىماي قالدى. كۈندىن كۈنگە بىتىمنى بۇزۇشقا قولىدىن كەلگىچە ھەرىكەت قىلىپ، خەلققە جەبىر - زۇلۇم سېلىشقا باشلايدۇ. ئۈرۈمچىدە 25-فېۋرال ۋاقەسىنى ئويۇشتۇردى. بۇ قانلىق ۋاقەنىڭ ئويۇشتۇرغۇچىسى گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى گېنېرال سۇڭ شى لەن ئىدى.

شۇ كۈنى ئەتىگەنلىكى ئادەتتىكىدەك سائات 8دە ئىشقا كەلسەم ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ تاشقارقى، ئوتتۇرا دەھلىز ۋە ئىچكى قورالىرىغا گومىنداڭچىلارنىڭ پۇخراچە كىيىنگەن چېرىكلىرى، جاسۇسلىرى ۋە بەزىبىر يالاقچىلىرى لىق تولغان ئىكەن. تاشقارقى قورادا خەۋەر بۆلۈمىنىڭ يېنىدا بۇرھان ئەپەندىنىڭ شوفيورى مونۇپاخۇننىڭ جەسىدى ياتاتتى. يەنە ئىككى ئادەمنىڭ جەسىدىنى ئېلىپ كەتكەن ئىكەن.

نامايىشچىلارنىڭ قولىدا تاپانچا ۋە ماۋزېرلار بولۇپ، ئۇلار ئاسمانغا ئوق ئېتىپ، ئافۇجۇشى (ئەخمەت ئەپەندى) كەلسۇن، ئاخۇجۇشىغا ئېيتىدىغان سۆزىمىز بار، دەپ ۋاقىرىشاتتى. مەن ئۆز كابىنېتىمغا كىرىپ بۇ ئەھۋال ھەققىدە نەنخۇايەنگە - ئەخمەت ئەپەندىمگە تېلېفون قىلدىم، ئۇ كىشىنىڭ بۇ ۋاقەدىن خەۋىرى بار ئىكەن، بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئەخمەت ئەپەندىم بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋلار يېتىپ كەلدى.

«نامايىشچىلار بىر نېمىلەر دەپ ۋاقىراتتى، ئاسمانغا قارىتىپ ماۋزېرلاردىن ئوق ئاتاتتى، سۆزلىرى يامان. ئەخمەت ئەپەندى بىلەن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ مەجلىس زالىغا كىرىپ كەتتى. مەجلىس زالىدا ئولتارغان خىتاي ئەمەلدارلىرى، جۈملىدىن ھەربىي قوماندانىنىڭ مۇئاۋىنى داڭ بىگاڭمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئەخمەت ئەپەندىمنى كۈتۈپ ئالغاندەك قىلىشتى. ئەخمەت ئەپەندىم:

— بۇ نېمە ئىش؟ — دېۋىدى، ئەمەلدارلارنىڭ بىر نەچچىسى:

— خەلق نامايىش قىلىپ كەپتۇ، — دېيىشتى.

ئەخمەت ئەپەندىم: خەلقنىڭ يانچۇغىدا ماۋزېر بولمايدىغۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگىدەكلا قوللىرىدا قوراللىرى بارغۇ؟ — دېۋىدى، خىتاي ئەمەلدارلىرى كەپ قىلالماي قېلىشتى...، — دەپ مۇئەللىپ ئەخمەت ئەپەندىنىڭ سەزگۈرلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مېنىڭ كابىنېتىم مەجلىس زالىغا يېقىن بولۇپ، مەن بىر نەچچە قېتىم ئۆز كابىنېتىمغا چىقىپ كىردىم، قورادا قىستا - قىستاڭ.

«خىتاي ئەمەلدارلىرى ئەخمەت ئەپەندىمگە:

— نامايىشچىلار سىزنى سوراۋاتىدۇ، چىقسۇن دەپ تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، — دېيىشتى، بىراق ئەخمەت ئەپەندىم چىقمىدى. خىتاي ئەمەلدارلىرى سىرتقا چىقىپ مىشۇجاڭنىڭ (باش كاتىپىنىڭ) ۋە باشقىلارنىڭ كابىنېتلىرىدىن قەيەرلەرگىدۇر تېلېفون قىلىشتى. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن مۇئاۋىن قوماندان داڭ بىگاڭ كىرىپ، ئەخمەت ئەپەندىمگە:

— ئافۇجۇشى، نامايىشچىلارنىڭ پەيلى يامان، ئارقىلىقا شوتا قويدۇرۇپ قويدۇم، مۇمكىن نېرى بولارسىز، دېۋىدى، ئەخمەت ئەپەندىم «قاچتى» قىلىپ نامايىشچىلارنىڭ قولىغا تۇتۇپ بېرىدىغان پىلانىڭلار بار ئىكەندە، ھازىر ئالدىڭلاردا ئىككى يول تۇرىدۇ. بىرىنچىسى قۇراللىق نامايىشچىلىرىڭلار مەجلىس زالىغا كىرىپ بىزگە سۇيىقەست قىلىدۇ، شۇ دەقىقىدىن باشلاپلا سوقۇش باشلىنىدۇ، غۇلجىدا گېنېرال ئىسھاقبېك تېلېفوننىڭ يېنىدا ئولتىرىدۇ، ماناستىكى ئەسكەرلىرىمىزنىڭ قۇلىقى بىز تەرەپكە دىڭ بولۇپ تۇرىدۇ. خەۋەر ئېلىشى بىلەنلا ئۇلار «ئۇررا» دەپ يېتىپ كېلىدۇ، بۇ سوقۇش يولى، ئىككىنچى يول، پۇخراچە كىيىنىپ «نامايىش» قىلىۋاتقان ئەسكەرلىرىڭلارغا: «ئارتقا بۇرۇل، قەدەملەپ ئالغا» دەيدىكەنسىز، بۇ تىنچلىق يولى بولىدۇ، دېۋىدى، گومىنداڭچىلار ئالاقزادە بولۇشتى. ئەخمەت ئەپەندىم سۆزىنى داۋام قىلىپ - بۇرۇن بىر گېنېرال ئۆتكەن ئىكەن، ئۇ ئۆز ئوفىتسېرلىرىنى سىنىماقچى بولۇپ، ئۇلارغا بانكېت ئويۇشتۇرۇپ بېرىپتۇ، ئۈستەلگە ھەر تۈرلۈك تائاملارنى قويۇپ ئوتتۇرىسىغا بىر تاۋاقتا پاختا بەت بومبىنى سېپتۇ، بومبىنىڭ ئۈستىنى تۈرلۈك سەيلەر بىلەن يېپىپ، ۋىلكىنى سانچىغاندىلا پارتلاپ كېتىدىغان قىلىپتۇ، ھەممە ئولتىرىپ تاماق يەۋاتقاندا، بىر ئوفىتسېر ئۇنىڭغا ۋىلكا سانچىشى بىلەنلا بومبا پارتلاپ كېتىپتۇ، ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ھەر تەرەپكە قېچىپتۇ، بىر ئوفىتسېر ئورنىدا ئولتارغان پېتىچە قاپتۇ. ئۇنى گېنېرال ماختاپ، ھەممىڭدىن سەن قەھرىمان چىقتىڭ، ساڭا مۇكاپات بېرەي، ساڭا نېمە كېرەك، دەپ سورىغاندا، ئۇ - ماڭا بىر تامبال بەرسىڭىز بولغىنى، تامبىلىمنى يۇتكەۋالاي دەپتۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش بىزمۇ سىلەرگە تامبال ئىزدەپ ژۈرمەيلى، دېگەندە ھەممە گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى ئەخمەت ئەپەندىمگە قانچىلىك تەھدىت سېلىپ تۇرسىمۇ، ئەخمەت ئەپەندىم ئۇلارنى قانداق مەسخىرە قىلىپ كۈلگەن» - دەپ تەسۋىرلەپ، ز. سەمەدىي ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانىنىڭ قانچىلىك پاراسەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇلار تىنچلىق يولىنى تاللاپ ئالغان بولۇشى كېرەك، «نامايىشچىلىرى» تارقاپ كېتىشتى، بىز سائات 5-6دە سېپىل دەرۋازىسىنى ئېچىپ چىقىپ كەتتۇق.» - دەپ يازىدۇ مۇئەللىپ.

ھە، ۋەزىيەت كۈندىن - كۈنگە كەسكىنلەشتى. غۇلجىدىن كەلگەن ئەخمەت ئەپەندىم باشلىق رەھبىرىي كادىرلار - رەھىمجان سابىرھاجىيېۋ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، سەيپىدىن ئەزىزى، تېيىپ ھاجىم سابىتىي، زىيا سەمەدىي، شۇنداقلا ئابدۇرېھىم ئەيسا، ئىبراھىم تۇردى، ئابدۇرېھىم ھەسەنوۋ، ئۇيغۇر سايرانى، ئوردۇنبەگ، تۇرسۇن ئىسرائىل، ۋاقاس ئەبزى، قالى ئاباكوۋ، خەمىت ئەلىيېۋ، ئوخشاش كادىرلارغا ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە گومىنداڭچىلار بىلەن بىللە ئىشلەش ئىمكانىيىتى قالمىدى، بىتىم بۇزۇلدى، ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخمەت ئەپەندى باشلىق ئۈچ ۋىلايەتتىن بارغان كادىرلار 1947-يىلى ئاۋغۇستتا ئۈرۈمچىنى تاشلاپ غۇلجىغا كەلدى.

ئەندى غۇلجىدا مەركەزلەشكەن بىر تەشكىلاتنى - تىنچلىقنى ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقىنى قۇرۇش زۆرۈرىيىتى پەيدا بولدى. ئە. قاسىمىي ئەينە شۇنداق ۋاقىت تەقەززاسى بىلەن قۇرغان بۇ ئىتتىپاق تىلغا ئالارلىق ئىختىسادىي، ھەربىي، مەدەنىي ئىشلارنى قىلدى.

ئەخمەت ئەپەندى رۇس، قازاق، ئۆزبېك ۋە تاتار تىللىرىدا بىمالال سۆزلىشەتتى ۋە يازاتتى، ئۇ خىتاي مىللىتىگىمۇ قارشى ئەمەس ئىدى. «دارىنلار (خىتاي ئەزگۈچىلىرى) بىزگە قانداق دۈشمەن بولسا، خىتاي مىللىتىگىمۇ شۇنداق دۈشمەن»، - دەيتتى. س س س ر كونسۇلى پان تۈركىزم سۆزىنى قىلغاندا، ئەخمەت ئەپەندىم: «پان تۈركىزم دېگەننىڭ نېمىسى يامان، رۇس، ئۇكرائىن، بېلارۇس خەلقلىرىنىڭ بىرلىكىنى پان سلاۋىيانىزم دەپ ئۇلارنى قارىلىساق بولامدۇ» دەپ بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئۇنىڭ ئاغزىنى يېپىپ قوياتتى.

ئەخمەت ئەپەندىم بوش ۋاقىتلىرىدا خىتاي تىلىنىمۇ ئۆگىنەتتى. بۇنى بايقىغان قەشقەردىن كەلگەن ئەمتاخۇن دېگەن بىر ئادەم: «ئەپەندىم، سىلى نېمىشكە خىتاي تىلىنى ئۆگىنىدىلا، مەغرۇرانە ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەپ ژۈرۈۋەمەدىلا!» - دېگەندە ئەخمەت ئەپەندىم:

— خىتاي خەلقى دۇنيادىكى كۆپ خەلق، ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار يانمۇ - يان ياشايمىز، ئۇنىڭ تىلىنى بىلىش بىز ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، — دەيدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىم مەتىمىن بۇغرا بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، بەزى - بەزىدە خىتاي تىلىنىمۇ ئارىلاشتۇرۇپ قوياتتى.

ئەخمەت ئەپەندىم تۇرمۇشتا ئاددىي، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ناھايىتى دىلكەش، سەمىمىي، كەمتەر ئىنسان ئىدى. ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر دىيارىدىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭمۇ سۆيۈملۈك داھىيسى، رەھبىرىگە ئايلانغان ئىدى. زىيا سەمەدىي ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق تەكىتلەيدۇ: «ئەخمەت ئەپەندىم كۈندۈزنى كېچىلەرگە ئۇلاپ ئىشلەپ، ھارغىنلىق سەزدى، ئازراق دەم ئېلىش ئۈچۈن ئۇۋغا چىققاش دېخانلارنىڭ تىرىكچىلىكىنى ئىش ئورنىدا كۆرۈپ كەلمەكچى بولدى. تاڭ يورىشى بىلەنلا ئورنىدىن تۇرغان ئەخمەت ئەپەندىم ماشىردىڭ ھەربىيچە كىمناستېركىسىنى كىيىپ، پۇتىغا شىكرىن ئۆتۈكنى سېلىۋالدىدە، ئاشخانىغا كىردى ۋە كومزەكتىكى سۈتنى ئىككى جاۋۇرغا قۇيۇپ ئىسسىتىپ ئىككى لوكىغا قويدى. شۇ ئارىدا مۇھاپىزەتچىمۇ ئالدىراپ كىرىپ كەلدى.

— كېلىڭ، — دېدى ئەخمەت ئەپەندى مۇھاپىزەتچىگە ئورۇن كۆرسىتىپ، ئازراق بولسىمۇ ناشتا قىلىۋالايلى.

— پاتەم ھەدەمنى ئويغاتمايمۇ؟

— تاتلىق ئۇيقىسىنى بۇزمايلى، سۈتكە نان چىلاپ ئىچىۋالساق بولغىنى...

مۇئەللىپ شۇنداقلا ئۇۋدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا ئەخمەت ئەپەندى مۇھاپىزەتچىسى بىلەن يولدا پاتقاققا تىقىلىپ قالغان دېخاننىڭ ھارۋىسىنى چىقىرىشقا ياردەملەشكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ، ئەينە شۇ كىچىككىنە بىر كۆرۈنۈش ئارقىلىق خەلق رەھبىرىنىڭ قانچىلىك ئاددىي غەمخورچى ئىكەنلىكىنى، ھەر قانداق شارائىتتا كىشىلەرگە ياردەمگە كېلىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى ياققال كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىنىڭ پۈتكۈل پائالىيىتىنى، كەپ سۆزلىرىنى تولۇق يېزىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنى زىيا سەمەدىي ئەدەبىي تەسۋىرلەر بىلەن خېلى تەپسىلىي يېزىپ، كىتابخانلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇردى.

رىياز سابىتوۋ.
ئالمۇتا شەھىرى.

سۈرەتتە: «ئاۋۇ» ئانسامبىلىنىڭ يېنىدا تەشكىل قىلىنغان ياشلار ئانسامبىلىنىڭ ناخشىچىسى لۇئىزا رىزاخۇنوۋا. ئۇ. قۇربانىيازوۋ چۈشۈرگەن سۈرەت.

چاغلىماي شىلتىڭ ئېتىپ ...

«توپىلاڭدا توغاچ ئوغرىلاشقا» يول يوق

خەلقىمىز ھاياتىدىكى مۇھىم ۋاقىئە، سەنئەلەرنى، مۇنەۋۋەر شەخسلەرنى خاتىرىلەش، ھەر خىل تەۋەللۇدلارنى ئوتكۈزۈشتە يېڭى ئەنئەنىلەر قېلىپلىشىۋاتىدۇ. بۇ ئالىيجاناپ چارە - تەدبىرلەرنى تەشكىللەشتۈرۈشتە گېزىتىمىز چوڭ خىزمەت قىلماقتا. ئاما موشۇ جەرياندا، خۇسۇسەن مىللىي مەدەنىيىتىمىز تەرەققىياتىغا ئۈلۈش قوشقان ئامايەندىلەرنى خاتىرىلەشتە، ساغلام ئەمەس ئەھۋاللارمۇ يۈز بەرمەكتە.

ئۈشبۇ ماقالىنى يېزىشىمغا سەۋەپ، ئەدەبىياتىمىزدىكى ھەتتا جىنايەت بىلەن چېگارىداش نەرسە. گەپ ج. مۇسايېۋنىڭ 1995- ژىلى ئالمۇتىدا تىس پ كوس دەپ ئاتالمىش باسمىخانىدا نەشر قىلىنغان «قىيان» ناملىق ئەسەرىگە مەرھۇم ھېزمەت ئاكا ئابدۇللىن نامىدىن بېسىلغان ھوججەت - ماتېرىيال ھەققىدە كېتىۋاتىدۇ.

ئەستائىدىل ئېيتىشىم كېرەككى، بۇ ماتېرىيال ھەققىدە ھەر خىل گەپلەرنى ئاڭلىساممۇ، ئۇ گەپلەرگە ئانچە ئەھمەيەت بەرمىگەن ئىدىم. شۇڭلاشقا ئۇنى ئىزدەپمۇ كەتمەگەن. ئۇزدەمگە يېقىن بۇرادەرلىرىمۇ بىخەۋەر ئىدى. يېقىندا بۇ كىتاپ بىلەن تونۇشۇشقا توغرا كەلدى.

شۇنى قەتئىي تەكىتلەيمەن، ھېزمەت ئاكا نامىدىن بېرىلگەن ماتېرىيال ئۇنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ ئەمەس، توقۇلما. ئۇنداق ئېكەنلىكىنى تۆۋەندىكى ئەھۋاللار ئوچۇق كورسىتىدۇ.

بىردىن كوزگە چۈشىدىغان نەرسە - بۇ ماتېرىيالنىڭ ئۇمۇمىي مەزمۇن - شەكلى يازغۇچىنىڭ تىل - ئۇسلۇبىغا، ستىلىغا يات، ئۇچ قايىنىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكى ئىبارىلەر ھېزمەت ئاكا تىل - ئۇسلۇبىغا خاس ئەمەس: «بىر ئاز مۇقەددەم بۇرۇن؛ خۇنخور - قانغا مىلەنگەن؛ كوپلىگەن ھېكايە، پوۋېست، رومان كىتاپلارنى يېزىپ؛ (قەھرىمانلارنىڭ) نەيرەڭۋازلىق بىلەن ئولتىرىلگەن پاجەلىك سەرگۈزەشتىلىرىدىن؛ بەتتى - بەشەرىسىنى ئېچىپ؛ 20 قارا ھارارەت؛ قاباھەت زۇلۇمى؛ كىتاپلارنىڭ ھالىيتى؛ مىخانىكى رەۋىش؛ شەيىللەرنىڭ تورت تەرىپىگە چوكقۇر قارالايدىغان؛ قارا قىلىچمىنىڭ بىسىنى تاشقا ئۇرۇپ، نابۇت قىلىپ ۋە باشقا». ياكى مۇنداق جۈمىلىلەر: «رومانىي تېزىرەك يورۇق كورۇشنى تەلەپ قىلغان (؟) پۈتۈنلەي ئىجابىي رېتسېنزىيە» (3 - بەت)؛ «يېڭى تۇغۇلغان بالىنىڭ ئايىغىنى چىقىرىش (؟)، تىلىنى چىقىرىش (؟) ئاتىنىڭ، ئانىنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى» (5 - بەت)؛ «مىللىي ئارمىيەنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جېنىنى، قېنىنى ئايىماي كۈرەش يولىغا ئاتلانغان» (9 - بەت) ۋە ھاكازا.

[illegible]

سەن قىلدى» (9 - بەت). جۈملىنىڭ كېلەڭسىزلىكىدىن قەتئىي نەزەر، بەدىيىلىك ھەققىدە خەۋىرى ئازئادەم يازغازلىقىنى كورۇۋاپ تۇرىدۇ: ھېچ بىر ئەسەر ئۇنىڭدىكى دىئالوگ ياكى مونولوكلار بىلەن باھالانمايدىغانلىقىنى ئېيتىش كېرەكمۇ؟!

ھېزمەت ئاكا بەدىي ئەسەر ھەققىدە يەنە مۇنداق «پىكىر» قىلىدىكەن: «سېنىڭ رومانلىرىڭ (ز. سەمەدىي دېمەكچى) قۇرۇق بايان، دىئالوك، مونولوكلار بىلەنلا ئاياقلاشىدۇ. چوڭقۇر پىكىر، مۇنازىرە (؟)، فىلوسوفىيەلىك ئوخشاتىشلار (؟) تامامەن يوق (6 - بەت)؛ («قىيان» رومانىدا) فىلوسوفىيەلىك كاتېگورىيەگە ياتىدىغان لوگىكىلىق ئوخشىتىشلار (؟) ئارقىلىق خىتاي چىنۇنىكلىرىنىڭ... پىسخولوگىيەسىنى ئېچىپ بېرەلىگەن» (4 - بەت)، ۋاقىئەلەر «قىيان» رومانىنىڭ ئاساسىي مەسىلەسىدۇر (10 - بەت) ۋە باشقا. بۇ جۈملىلەردە ئېيتىلغانلارنىڭ ھەققىي ئەدەبىياتقا مۇناسىۋىتى ئاز، ساۋاتسىز، مەنتىقسىز ئېكەنلىكىنى شەرھلەشنىڭ ئۆزى مەنتىقسىزلىك، ساۋاتسىزلىق! ھەر قانداق پروزىلىق ئەسەرنىڭ، بولۇپمۇ رومانىنىڭ سۈپىتىنى شەرھلەشتە ھ. ئابدۇللىندەك تەجرىبىلىك ئەدىپ ۋاقىئەلەرنىڭ تەسۋىرلىنىش تەرزى، ئوبرازلارنىڭ يارىتىلىش دەرىجىسى، پېرسوناژلار ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ پسىخولوگىيەلىك ئاساسلىنىشى، كومپوزىتسىيەسى، ئاخىر تىل - ئۇسلۇب ئوزگىچىلىكلىرى ئوخشاش نەزەرىيەۋىي - ئەمەلىي ئامىللار ھەققىدە بىر ئېغىز گەپ قىلماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ ھەر قانداق ئەسەرنىڭ ئىدىيەۋىي يونىلىشىنى، بەدىي سۈپىتىنى ئېنىقلاشنىڭ ئەڭ مۇھىم تەلەپلىرىنىڭ نەزەردىن سىرت قېلىشى قانداق؟! يوغۇسى، ھېزمەت ئاكىغا بۇ خىل «تەھلىلنى» مىڭ يەردىن چاپلىسىمۇ، ژۇقمايدۇ! «ئەدەبىيات ھەققىدە ئويلار» كىتاۋىنى ئۇزە قارىغانىنىڭ ئۇزىدە يازغۇچىنىڭ ئەسەر ئۇستىدە مۇلاھىزە قىلىشى بىلەن زۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن «پىكىر - خۇلاسىلارنىڭ» ئاسمان - يەر پەرقىنى بايقاش قىيىن ئە-

[illegible]

شۇنداقلا يەنە شۇ 3 - بەتتە «ئۇرغۇتۇلغان يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە پىكىر يازدىم. لېكىن ھەر بىر شاراپىتتا ئۇلارغا ئۇزەمنىڭ ھەر خىل ئوخشىمايدىغان شەخسىي مۇئازىرىلىرىمنى ژۈرگۈزدۇم»، دەپ پىكرىدە تۇرمايدىغان تۇراقسىز ئادەم بولۇپ ئوزىنى قامچىلايدۇ. 8 - بەتتە ئۇچى (ھ. ئابدۇللىن، ز. سەمەدىي، ج. بوساقوۋ) قازاق يازغۇچىلىرى ئوخشاش پېشقەدەم بوغۇم بولۇش مەخسىتىدە ئون ژىل داۋامىدا «خىتايدىن چىققانلارنىڭ يازغان رومانلىرىنى سەن (ز. سەمەدىي دېمەكچى) ئوتكۈزمەيسەن، يەرلىك يازغۇچىلارنىڭ يازغان رومانلىرىنى جەمەگەڭ (ج. بوساقوۋ) ئىككىمىز ئوتكۈزمەيمىز» دەپ «قارارغا كېلىشكەنلىكى» ھەققىدە ئېيتىدۇ. «زەڭەڭ (زىيا سەمەدىي دېمەكچى) بولمايدۇ» دەيدۇ بولدى، بىزمۇ قول كوترىمىز. مانا ھېساپتا 7 - 8 (؟!) رومانلارغا زىياكام ئوتكۈزمەيدىغان تامغا بېسىپ بولدى» (9 - بەت) - دەپ يەنە ئوزىنى پاش قىلىدۇ. نەتىجىدە مۇسايېۋ ھەر خىل يامان نىيەتتىكى يازغۇچىلار (شۇ جۈملىدىن ھ. ئابدۇللىن ئوزىنىڭ) ھەرىكەتلىرىنىڭ ناھەق قۇرۇۋنى ئېمىش، «ئالتۇن غەزىنە» (كىتاپتا شۇنداق يېزىلغان!) ئەسەرلىرى شۇ تۇيەيلى ۋاقتىدا يورۇق كورەلمىگەنمىش. ھېزمەت ئاكا شۇنىڭغا باغلىق مۇسايېۋ ئالدىدا تۇۋا - ئىستىغپار ئوقۇپ، ئوزىنى ئەيىپلەيدىكەن. بۇنىڭ ھەممىسى ھېزمەت ئاكىغا تېڭىلغان توھمەت، ئۇنىڭ يارقىن خاتىرىسىگە ھاقارەت، ھەددىدىن ئاشقان ۋۇجۇدى پەسلىك، مەنۇي بىشەملىك.

شۇ بولۇۋاتقان ماتېرىيالنىڭ بەزى جايلىرىنى ئوقۇپ، مۇسايېۋنىڭ يالغانىنى توقۇشتا ھېچ نېمىدىن قايتمايدىغان «جۇرئەتكە» ھەيران قالىسەن. ھېزمەت ئاكا نامىدىن ئۇ مۇنداق يازىدۇ: «ئاخىرقى كۆنلەردە مۇسايېۋ بىلەن خوشنا بولۇپ قېلىپ، ئويلىرىنىڭ بېيندىكى گەچەككىنە ئىستىراھەت بېغىغا سەيلىگە ھەر كۈنى ئىككىمىز چىقاتتىمىش» (8 - بەت)، «ئاغرىپ ژۈرگەندە...

[illegible]

نى قامچىلايدىغان سۈيۈق مۇجەزلىك ئادەم بولمىغان ھېزمەت ئاكا! مۇسايېۋ ئۇنىڭ يېقىنلىرىنىڭ قاتارىدا ھېچ قاچان بولمىغان. خەيرىيات، بۇنى ئويدۇرمىچىنىڭ ئۇمۇسىغا قالدۇرايلى...

ھېزمەت ئاكا نامىدىن بېرىلگەن يېزىلمىدا سوئالنىڭ ئۇستىگە سوئال توغدۇرىدىغان جايلار جىق. شۇنىڭ بىرى بۇ يېزىلمىنىڭ قايسى ئىدارىگە قارىتىلىپ ۋە قاچان يېزىلغانلىقى، ماتېرىيال «قىيان» رومانىغا خۇلاسە پىكىر يېزىشتىن ئاۋال» دېگەن سوزلەر بىلەن باشلىنىشقا قارىغاندا، مەلۇم بىر رەسمىي ئىدارىگە قارىتىلغاندەك (ئەگەچە ھالدا «خۇلاسە پىكىر» دېيىشنىڭ ھاجىتى نېمە؟). ئاما ئۇمۇمىي مەزمۇن - روھى جەھەتتىن ئۇنداق خاراكتېردا يېزىلمىغان. بۇ خىل ماتېرىياللارنىڭ قانداق يېزىلىدىغانلىقىنى ھ. ئابدۇللىننىڭ قولىدىن كېلىدىغانلىقىدا گۇمان يوققۇ! شۇنىڭ ئۇزىدە بۇ ماتېرىيالنى 1979 - ژىلى ھ. ئابدۇللىن يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ خىزمەت قىلغاندا يازغان بولسا، (كىتاپتا موشۇ ئاۋازىم ھەم موشۇ رەقەم كورسىتىلگەن). ئېمىشكە ئۇنىڭدا 80 - 90 - ژىللىرى بولغان ۋاقىئە - ئەھۋاللار قوشۇلۇپ كەتكەن؟! كىتاپتا ئېيتىلغاندەك، ھ. ئابدۇللىن ئاغرىۋاتقان چاغلىرىدا قايتا يازغان. ئايرىم نەرسىلەر قوشقان بولسا، ئېمىشكە شۇ كېيىنكى ۋاقىتنى كورسىتىپ قول قويمىغان؟! ئەڭ ھەجەپلىنەرلىك نەرسە شۇكى، ھ. ئابدۇللىن «قىيان» رومانى ھەققىدە خۇلاسە پىكىرنى ئەينى قېلىپىدا كەلتۈرمەي، شۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى ئېيتىپ ئوتەي» (9 - بەت) دەپ سوز قايرىيدۇ. ج. مۇسايېۋ رومانىنىڭ مەنىۋىي - بەدىي سۈپىتىنى شەرھلەش خۇلاسە پىكىرنىڭ ئاساسىي مەخسىتى بولسا، ئۇنىڭ قىسقىچىلا مەزمۇنىنىلا ئېيتقىنى قانداق؟! زۇقۇرىدا ئېيتىلغانلاردىن سوز بولۇۋاتقان ماتېرىيال باشتىن - ئاياق ئويدۇرما ئېكەنلىكى گۇمان تۇغدۇرماس دەپ ئىشىنىمەن. شۇڭلاشقا ئەدىپنىڭ ئارخىۋىدا بۇ خىل ماتېرىيالنىڭ يوقلۇغىنى ھەم بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تەكىتلەش كېرەكمۇ...

يەنە بىر مۇھىم ئەھۋالنى ئېيتماي مۇمكىن ئەمەس. مۇسايېۋنىڭ كىتاۋىدا ز. سەمەدىي، ت. توختەمۇۋ، د. ياسېنوۋ ئوخشاش ئەدىپلەرگە نىسبەتەن ھەر خىل ھاقارەتلىك سوزلەر ھېزمەت ئاكا نامىدىن ئېيتىلغان. ئىسمى ئاتالغان ئەدىپلەر بىلەن ئۇ ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇشى بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىنى ھەقلىق ھالدا ژۇقۇرى باھالاپ ئوتكەنلىكىنى ئېيتىشىم شەرت. بۇنى يازغۇچىنىڭ «ئەدەبىيات ھەققىدە ئويلار» كىتاۋىدىن ئېنىق كورۇش مۇمكىن. سوزىنىڭ، ئايرىم ئىجادىي تالاشلار ياكى

[illegible]

زامانداش ھەققىدە سوز

يول ئۈستىدىكى «دىيار» كافېسى

بىز بىشكېك شەھرىدە بىر ئاغىنىمىزنىڭ ئويىدە ئوتكۈزۈلگەن تويدىن قايتىپ ئالامېدىن رايونىنىڭ يولىدا كېتىۋاتاتتۇق. بىزنى ئويىگە مېھمانغا باشلاپ كېتىۋاتقان ئاغىنىمىز ئابلىكىم كوزگە چېلىقىپ تۇرغان «دىيار» - كافېسىنىڭ ئالدىدا ماشىنىسىنى توختاتتى. ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىلىرى پاكىزلىغى ۋە ئېچىلىۋاتقان گۈللەر بىلەن كوزگە كورۇنەتتى. پىشۇرۇلۇۋاتقان كاۋاپنىڭ مېزىلىك پۇرىغى دىماققا ئۇرۇلاتتى. ئىككى ژىگىت بىز بىلەن كورۇشتى. ئۇلار مەخسۇم ۋە ئابدۇۋېلىلار بولۇپ ئابلىكىمنىڭ ئىنىلىرى ئىدى. ئۇلار بىزنى كافېنىڭ ئىچىگە باشلىدى. ئۇنىڭ ئىچى چىرايلىق، كەڭ ۋە ئازادە بولۇپ، كىرىپ - چىقىۋاتقان مېھمانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

- كافېنىڭ ئېچىلغىنىغا بىر ژىل بولدى، - دەپ سوز باشلىدى ئابلىكىم ئابلەي، - موشۇ ئىككى ئىنىم ۋە مەن ئۇچىمىز بىرلىشىپ ئون بەش سوتىك يېرى بىلەن موشۇ جاينى سېتىۋالغان ئىدۇق. ئاخىرى بۇنى ياساپ، گۈللەپ بۇگۈنكى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ «دىيار» دېگەن نام بىلەن كافېنى ئاچتۇق. 20دەك كىشى ئىشلەيدىغان بۇ كافې شەخسىي ئىگىلىكىمىزدە بولۇپ بۇ يەردە مانتا، سامسا، لەگمەن، چوشۇرە، پولۇ، كاۋاپ، ئاشلەگفۇڭ، شورپا، كاگفەن ۋە باشقا تائاملار تەييارلىنىدۇ. بىزدە ئىشلەۋاتقان پەخرىنسا ئەتكەن لەگمەننى، پەرىدەم ئەتكەن پولۇنى، يۈسۈپ پىشەرگەن كاۋاپنى ۋە باشقىلارنىڭ ئەتكەن تائاملىرىنى كىشىلەر «بەك تەملىك ئىكەن» دەپ ماختاپ كېتىشىدۇ. خۇداغا شۈكرى، ئىش - ئوقىتىمىز يامان ئەمەس مېڭىۋاتىدۇ.

بىز ئابلىكىمنىڭ ئاشخانىسىنى زىيارەت قىلىپ ئاندىن ئۇز-ئارا ئۇزاق سوھبەتلەشتۇق. ئوتكەن باللىق، ياشلىق دەۋرلىرىمىزنى ئەسلەپ ئوتتۇق.

ساھىبخانىنىڭ دەستىخىنىدا مېھمان بولۇۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە ئەركىن بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭ يېقىن دوستى ۋە ساۋاقدىشى ئىدۇق. بىز ئۇنى باللىق چېغىمىزدىنلا ياخشى بىلەتتۇق...

ئابلىكىم ئابلەي ئوغلى ماخمۇدوۋ 1945-ژىلى بورىتالا شەھرىدە زىيالى ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ باللىق دەۋرى شۇ شەھەردە ئوقۇش ۋە ئۇگىنىش بىلەن ئوتتى.

ئۇ 1961- ژىلى بورىتالا ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەۋىدە ئوقۇشنى توختىتىپ، ئائىلىسى بىلەن كېڭەش ئىتتىپاقىغا كوچۈپ كېتىۋاتقىنىدا بىز ساۋاقداش دوستلىرى ئۇنى قىيمىغان ئىدۇق. تۇغۇلۇپ ئوسكەن ئانا يۇرت-ئالتۇن دىيارنى، بىلىم، مەرىپەت دەرگاھى بولغان ئانا مەكتەپ، ساۋاقداش - دوستلارنى تەرك ئېتىپ كېتىش ئابلىكىمگە ئېغىر تۇيۇلغاندا ئۇ كوزلىرىگە ياش ئېلىپ، «خەيىر، دوستلىرىم، ئامان بولساق بىر كۈنلەردە يەنە كورۇشەرمىز» دەپ بىز بىلەن قۇچاغلىشىپ خوشلاشقان ئىدى...

ئارىدىن كوپ ژىللار ئوتتۈپ، بىز بورىتالالىق بىر توپ ياشلار ماۋزېدۇڭ رىياسەتچىلىكىدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» ھەرىكىتى جەريانىدا شەنىمىزگە داغ چۈشۈرىدىغان بەدنام، تەقىپلەشلەرگە چىدىماي سابىق س س س رغا باش پانا تىلەپ چىققان ئىدۇق. بىشكېك، جامبۇل، ئالمۇتا شەھەرلىرىگە ئورۇنلاشقىنىمىزدىن خەۋەر تاپقان ئابلىكىم دەرھال كېلىپ، ھەر قايسىمىزنى ئىزدەپ تېپىپ كورۇشتى. بىر يۇرتقا كېلىپ مۇساپىر بولۇپ ژۈرگەندە مۇنداق بىر يېقىن كىشىلىرىڭ كېلىپ بىردەم، بىرىمدەم شېرىن سوھبەتتە بولسا بۇ سەن ئۇچۇن روھى ئوزۇق بولىدىكەن. ئۇ بىزلەرنىڭ مۇنداق بىر كەسكىن ۋەزىيەتتە بۇ يەرگە سالامەت يېتىپ كەلگىنىمىزگە خوشال بولۇپ كەتكەن، شۇنداقلا ئوزى توغرىلىقمۇ سوزلەپ بەرگەن ئىدى.

ئۇ ئاتا- ئانىسى بىلەن بىشكېك شەھرىگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن سودا ساھاسىدا ئوقۇپ، دەسلەپ شەھەردە كوكتات ماگازىنىدا سېتىقچى بولۇپ ئىشلەپتۇ. ئائىلىلىك بولغاندىن كېيىن بالقاش شەھرىگە كوچۈپ بېرىپ ئۇ يەردە تۇرسۇن ياسىن، مىجىت ياسىنلار بىلەن بىللە ئاشپەزلىك قىپتۇ...

- بۇ يۇرتقا چىقىپ ئويلەندىم، ماكان تاپتىم، ئىش تاپتىم، پۇل تاپتىم، - دېدى ئابلىكىم ئابلەي، - لېكىن بەختىم ۋەتەندە قاپتىكەن، ۋەتەن دېگەن ھەم بەختىڭ ھەم تەختىڭ ئىكەن. قوينى كەڭ بورىتالا، باللىق چېغىمىزدا توشقان قوغلاپ ئويناپدىغان دوڭلۇك جىرالىرى، سۇغا چومۇلىدىغان دەريا، ئوستەڭلىرى، قىش-ياز ياپ - يېشىل تۇرىدىغان قارىغايلىق تاغلىرى، سايرام كولى ۋە يايلاقتا مىغىلداپ ئوتلاپ ژۈرىدىغان ماللىرى زادىلا كوز ئالدىمدىن كەتمىدى. ئۇنىڭ ئەسلىرىدە ئۇيقىدىن بىدار بولۇپ دوستلار بىلەن خىيالەن سوزلەشكەن چاغلىرىممۇ ئاز بولمىدى. مانا تەغدىر نېسىپ، سىلەر بىلەن كورۇشۇپ ئولتىرىمەن...

كېيىن ژىگىتلەر ئوي- ئوچاقلىق بولۇشتى. ئابلىكىم دوستلىرىنى ئاشلىۋەتمىدى. 70-ژىللاردا بىر ئاغىنىمىزنىڭ ئالمۇتىدا تويى بولغاندا ئابلىكىم بالقاشتىن كېلىپ تويدىن كېيىن تاشكەنت، جامبۇل، بىشكېك، ئالمۇتا شەھەرلىرىدىن جەم بولغان دوستلىرىنى «ياشلار» رېستورانىغا تەكلىپ قىلىپ بىر كىچە زىياپەت بېرىپ ئويناتقان ئىدى.

ئابلىكىم ئابلەي ئوغلى ماخمۇدوۋ ئۇزىنىڭ ئۇرۇق- تۇققان، دوست - بۇرادەرلىرىنى يوقلاپ ئەھۋال سورايدىغان بۇنداق ياخشى خىسلىتىنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇ چوڭ - كىچىك ھەممىگە مېھرىۋان ئادىمىي ئىنساندۇر. ئۇنىڭ ئىشىنى قالغان تۇغۇش - بىلىشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بالا- چاقىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ھازىر ئوزى باشقۇرۇۋاتقان «دىيار» كافېسىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغانلىقى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

ئۇنىڭ دوستلىرى ياكى ئۇنى بىلىدىغانلارنىڭ «ئابلىكىم مەرت - مەردانە، دەرىيادەك كەڭ، سېخىي - ساخاۋەتلىك ژىگىت» دەپ تەرىپلىشى- ئۇنىڭغا بېرىلگەن توغرا باھادۇر.

ئابدۇرېشىت قاسىمىي.
بىشكېك شەھرى.

يادنامە

خېلىل ھەمرا ـــ قەلبى دەريا...



يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى ئۇچۇن ۋەتەن ياركەنتتىن باشلىنىدۇ. ئەينە شۇ ئۇكۈتتەك ساپ ئۇيغۇر ئەھلى ئۇيۇشقان، تارىخىي رىۋايەتلەرگە ئايلانغان دىيانەتلىك دىياردا ئاللاھدە تەخلىتتىكى ئۇيغۇرانە ئۇيغۇر ـ بۇلبۇلانە تۇيغۇم ئوزەڭ ئېدىڭ، خېلىل ھەمرا! ۋەتەننى ـ ۋەتەنگە باغلاپ تۇرغان شادىيانە ناخشام، غازىيانە قالقان، شائىرانە دەۋران ئېدىڭ، خېلىل ھەمرا!

ۋەتەنگە ماڭسام دۇنياۋىي دۇئا بىلەن ئوزۇتىدىغان، ۋەتەندىن قايتسام قۇرئانى ئىجاۋەت بىلەن ئالدىمدىن چىقىدىغان ياركەنت تەۋەسىدە تەنھا ئاكام ئېدىڭ، خېلىل ھەمرا!

ياركەنت نامىنى ئاڭلىغان جايدا شۇ ھامان مېنىڭ كوز ئالدىمغا سېنىڭ ئۇلۇق سوۋېت نۇرانى قاۋۇل قىياپەڭ نامايەن بولاتتى. ھازىرمۇ شۇنداق...

ئەۋلىيا سوۋېت، خىزىر خىسلەتلىك ئالىمى ئادەم ئىكەنلىگىنى، شاھىيانە شائىرلىغىڭغا مەستانە بولۇپ ئىنىق كورەلمەپتۇق ئوز ۋاقتىدا... قەدىر ـ قىممىتىگە لايىقىدا يېتەلمەي،

كىچىككەن بولساق، كەچۈر بىزنى! كەچۈرۈمچان ئېدىڭغۇ، مېھرىڭ دەريا ـ خېلىل ھەمرا!

ھەر قېتىم سېنىڭ بىلەن ئۇچراشقىنىمىزدا ئەركىن ـ ئازادە، يايراپ كۇلۇپ ئولتۇرۇپ، تاڭ ئاتقىچە مۇڭدىشاتتۇق ئاكا.

دەل موشۇنداق غېنىمەت دەملەر توغرىلىق، سېنىڭ ئالىي جاناپ خىسلەتلىرىڭدىن ئالاھىدە جانلىنىپ كېتىدىغان تەنتەنىلىك سورۇنلار سەرگۈزەشتىلىرى توغرىلىق تەۋەررۇك خاتىرىلەرگە قەلەم تەۋرەتسەم، ئەرزىيدۇ ساڭا، خېلىل ھەمرا!

«بەزىلەر ۋەتەنگە ياركەنت ئارقىلىق سەپەر چەككەندە مېنىڭ داستىخىنىمىسىز... مېنىڭ دۇئامىسىز چېگارىدىن ئوتمەيدۇ، لېكىن ۋەتەندىن يانغاندا نېمشكىدۇر ماڭا قايرىلمايدۇ. كەتكەن ئىزىنى كورىمەن، يانغان ئىزىنى كورمەيمەن. گويا ياركەنتكە چۈشمەي، ئۇزلىرىگە غايىبانە قانات پۈتۈپ ئۇچۇپ ئوتۇپ كەتكەندەك... شۇ تەخلىتتىكىلەرنىڭ سىياقىغا ھەيرانمەن!» ـ دەتتى خېلىلكام، «شۇ بەزىلەرگە» نارازىلىغىنى ئاچچىق كۇلكىسىگە ئىستىھزا بىلەن سىڭدۇرۇپ.

مىڭ شۇكرىكى، بىز گەرچە ۋەتەنگە كېتىۋاتقان ئۇلۇق يولىمىزدا خېلىلكامغا سالام بېرىپ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، ۋەتەنگە تېزراق يېتىشكە ئالدىرساقمۇ، ۋەتەندىن يانغان يولىمىزدا ئۇنىڭ ئويىگە چۈشۈپ بىر ئىككى كۈن ئۇلار بىلەن ۋەتەن تەسىراتلىرىنى ئورتاقلىشىپ، مۇڭدىشاتتۇق. ئۇ بىزنى بىكەتكە چىقىپ،ئۇزىتىپ قوياتتى. ئاخىرقى ۋاقىتلاردىقولىدىكى ھاسىسىغا قاۋۇل قامىتىنىڭ سالمىغىنى تاشلاپ، ئىجادىيەت قەلىمى بىلەن قاتقان قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ كوزلىرىنى ياشلاپ بىز بىلەن خوشلىشاتتى. خېلىلكامنىڭ شۇ بىر تەۋەررۇك سوۋېت ئالىي جاناپ قىياپىتى بىزنىڭ كوز ئالدىمىزدا ئەبەدىي تىرىك پېتى ساقلىنىپ قالدى...

خېلىل ھەمرا

شاھىيانە شائىرلاردىن
ئاكام مېنىڭ خېلىل ھەمرا.
ۋىغلاپ تۇرۇپ ئويىتىدىغان،
ناخشام مېنىڭ خېلىل ھەمرا.

ئۈمىتخارىم ئىنگاھىدا،
پەخرىم مېنىڭ خېلىل ھەمرا.
دانىشمەنلەر دەرگاھىدا،
ئەقلىم مېنىڭ خېلىل ھەمرا.

ھارسام ھەردەم ھەمدەم بولغان،
مەدەتكارىم خېلىل ھەمرا.
پەرىشانغا ئىلھام بەرگەن،
سەنئەتكارىم خېلىل ھەمرا.

مۇڭلىرىمغا ـ مۇڭداش بولغان،
غەزەلخانىم خېلىل ھەمرا.
قەدىرلىشىپ، قەدىرلەتكەن،
قەدىردانىم خېلىل ھەمرا.

بىلال نازىم ـــ قاشىيلادەك،
شەرەپ ـ شانىم خېلىل ھەمرا.
بولغان ماڭا ئەل ئەتەدەك،
قارىگاھىم خېلىل ھەمرا.

قىبرىندىنشىم ـ خېلىل ھەمرا،
سىغىندىنشىم خېلىل ھەمرا،
چاقاپ ياركەنت يېكىتكەندە،
ئولتۇرۇمەن سەن يوق تەنھا.

ئۇلۇق سوۋېت ئۇيغۇر ئېدىڭ،
خېلىل ئېدىڭ، بۇلبۇل ئېدىڭ،
ئەندى ئۇيغۇر سەيناسىدىن،
تېپىلارمۇ سېنىڭ خىلىڭ؟

ئوز ناخشاڭنى ئانا يۇرتۇم،
ئېيتىپ كەتكەن ... خېلىل ئوغلۇڭ.
ئىجات ـ نىجات دۇنياسىدا،
خېلىل شوڭقا، توخچەمس توتۇڭ.

ناخشام مېنىڭ خېلىل ھەمرا،
مەڭگۈ ۋەتەن ساڭا ھەمرا.
ئۇيغۇرستان بۇلبۇل كويىڭ،
خېلىل ھەمرا ـ قەلبى دەريا.

باھاۋدۇن رەھمىي (ئەدىقۇت)

شائىرنىڭ بەرھاياتلىغى



مەن سوز زەرگارى، ئوي ئالغۇرى، ھايات تەجرىبىسى مول، تۇغما تالانت ئىگىسى ـ شائىر ئىلىيا ـ بەختىيا ھەققىدە ئويلىغىنىمدا، بېشىمغا تۇرلۇك ـ تۇمەن پىكىرلەر كېلىدۇدە، ئۇلارنى قەغەز بېتىگە چۇشۇرۇشكە ئالدىرايمەن، ھە، ئۇنداق شائىرنى ئوي خىيالىڭدىن نېرى قىلغىلى بولمايدۇ زادى.

ئەڭ ئاۋال ئىلىيا شائىرنى ئاددىي ياشىغانلىغى، چوڭ شېرىيەتنى يارىتىشقا مۇيەسسەر بولغانلىغى بىلەن كوز ئالدىمغا كەلتۇرىمەن. ئۇ خەلقىمىز ماڭغان ھايات يولىنىڭ بەزىدە تار، بەزىدە كەڭ، بەزىدە داغدام، بەزىدە چاڭ ـ توپىلىق يولىدا مېڭىپ، تۇرمۇشنىڭ تاتلىغىدىن كورە ئاچچىق ـ چۇچۇگىنى كوپ كورگەنلىگى ئۇچۇن، شېرىيەتنىڭ قىرلىق ـ سىرلىق ئەتىۋالىق تەرەپلىرىنى نامايىش قىلدى. شائىرنى خەلققە يېقىنلاشتۇرغان، ئالقىش ـ ھورمەتكە سازاۋەر قىلغان يېرىمۇ ئەينە شۇنىڭدىن ئىدى.

ئىلىيا ـ بەختىيا ئىسمىنى ھايات ۋاقتىدىمۇ، ئۇ ئالەمدىن مەزگىلسىز كوز ژۇمغاندىن كېيىنمۇ خەلقى ئىسسىق قەلبىنىڭ تورىگە جايلاشتۇرۇپ ئالغان. چۇنكى ئەدەبىيات ـ شېرىيەتتىن خەۋىرى بار تورت ئۇيغۇر باش قوشقان يەردە ئىلىيا ـ بەختىيانىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە سوز بولاتتى. ئولتىرىش، توي ـ توكۇن، مەشرەپلەردە ئۇنىڭ ھەجۋىيلىرىنى يادقا ئوقۇپ ـ بەزمىنى قىزىتقان، خۇش كەيپىيات قوشقانلارنىڭ قانچە ـ قانچىسىنى كورگەنمەن.

ئۇيغۇرلار ۋەتىنىنىڭ پايتەختى ئۇرۇمچى شەھرىدە پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. ئەللىكىنچى ژىللارنىڭ ئاخىرلىرى بولسا كېرەك «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بىر سانىدا «ئارمىنىم» ناملىق ئىلىيا ـ بەختىيانىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ شېئىرنى ئوقۇپ قالدىم. شېئىرنىڭ بېشىدىكى كىچىككىنە تونۇشتۇرۇشتا «سوۋېت ئۇيغۇر شائىرى» دېيىلىپتۇ.بۇ نامنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىشىمىز ئىدى. «ئارمىنىم» شېئىرنى ئوقۇپ، دوستلارغا كورسىتىپ ژۇرۇپ، پۇتۇنلەي يادىمدا قاپتۇ.

مانا قىرىق ژىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇ شېئىر يادىمدا ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

تاللاي ژىللىق قەلەم بىلەن ھاپاش ئېتىپ.
تاللاي شائىر ئوتكەن ئىكەن قوشاق قېتىپ.
مېنىڭمۇ بىر ئوز ئۇلۇشۇم قالغانىدۇ دەپ،
تومۇز قانات مانا مەنمۇ كەلدىم يېتىپ.
مېنىڭمۇ ئىنمۇ ئوزگىلەرگە قالغۇسىدۇر،
چۈنكى دوستلار ھايات سىرى دىگىز ـ چوڭقۇر،
ئەڭ بولمىسا بىر تال مەقتەك بولۇپ كورەي،
ھەجەپ ئەمەس ئاشام ئەگەر مەنمۇ بىر قۇر.
داڭقىم چىقسۇن دەپ ئەلەمنى توقىسىم يوق،
(ئۇنداق ئوزىنى كوڭلىمىز يۈكىسىم يوق)،
ھايات تولۇق.
كەڭ بىر سارايى،
ئىچى بايلىق.
تىمسىپ كورەي مەنمۇ دوستلار بىر تامچا بوپ،
ئەڭ بولمىسا بىر تال كوچەت شۇ تامچىدىن
ئۇنۇپ چىقسا.
ئۇنۇپ چىقسا.
يوق ئارمىنىم.
سايە بولسا.
دوستلىرىمغا
سايە بولسا.
ئاپتاپتىلا ئوزەم كويۇپ ژۇرەر ئېدىم.

تەبىكى شائىرنىڭ شېئىرىدىن ئۇنىڭ تۇغما تالانت ئىگىسى ئىكەنلىگىنى كورۇپ ئالالايمىز. قەلب مۇدىئاسى مانا مەن دەپ ئاشكارىلىنىپ تۇرغان بۇ شېئىرغا باشقا ئىزاھەتنىڭ ھاجىتى يوق بولسا كېرەك. جىق ئىشلار، خىلە ـ خىلە مۇھىم نەرسىلەر يادىمدىن چىقىپ، ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. لېكىن، ئەشۇ شېئىر خۇددى ئۇنچا مۇھەببەتتەك ئۇنتۇلماي كەلمەكتە. ھەر قېتىمدا يادىمغا چۈشسە، يېڭى شېئىردەك تۇيۇلىدۇ ماڭا ئۇ. مۇنداق شېئىرلارنى يېزىش بەختى ھەممىلا قەلەم ئەھلىگە نەسىپ بولمىسا كېرەك. ئەلۋەتتە. بۇ ئويلار كوڭلۇمدە كەچكەندە، پۇتۇن سۇرۇك ئۇيغۇر شېرىيىتىدە بولسۇن، باشقا خەلقلەر شېرىيىتىدە بولسۇن ئەينە شۇنداق ئولمەس مىسرالىرى بىلەن يادتا قالدىغان ـ قالغان شائىرلارنى ئەسلەيمەن. تاغنىڭ ياكى چوققىنىڭ ئېگىز ـ پەسلىگىنى ئىككىنچى بىرىگە سېلىشتۇرۇپ بىلگىلى بولغاندەك، شائىر ئىلىيا ـ بەختىيانىڭ تالانتىنى باشقا شائىرلارغا سېلىشتۇرۇپ، تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ھارارەت سالمىغى بىردىن بايقىلىدۇ.

ھە، بىز ئىلىيا ـ بەختىيانىڭ نامىنى زامانىمىزنىڭ ئەجايىپ ئوتلۇق كۈيچىلىرى ئوخشاش پەقەت ئوز دەۋرىدىلا ياشاپ، دۇنيادىن ئوتكەندە ئۇنتۇلۇپ قالماي، بەلكى دۇنيادەك بەرھايات تۇرىدىغان شائىرلار سېپىدە كورىمىز.

ئاتاقلىق شائىرنىڭ شەخسىي ئومرى ھەققىدە ئۇنى قازاق خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەندى مۇقاغالى ماقاتايېۋ ئومرىگە ئوخشاش ئېيتىۋارسىز، ئىغىر ئوتكەنلىگىنى كوز ئالدىمغا كەلتۇرىمەن. ئىلىيا ـ بەختىيامۇ، مۇقاغالىدەك تىرىك ۋاقتىدا خارلىنىپ، ئولگەندىن كېيىن ئەتىۋالانغان ئىدى. ئۇنىڭ دوست قەلەمدىشى م. ماقاتايېۋ بىر شېئىرىدا:

بەرگەن سەۋر ـ تاقىتىڭ تۈگىدىغۇ،
ئۇ ئانا يۇرت ئاۋازىمنى بىر تىڭشىغىن.
....
مېنىڭ ساڭا تەكۇزەر زىيىنىم شۇ،
بىر ئوچۇم توپىرىغىڭنى ئىپ كېتىمەن.

ئىلىيا ـ بەختىيانىڭمۇ سەۋرى ـ تاقىتى بالدۇر تۈگىدى. ئىلىپ كەتكەن «زىيىنىنى» ئىيتمىغاندا،ئوز خەلقىگە بىباھا پايدىسى تەگدى.

مەن بۇ ئەسلىمەمنى شائىر ئىلىيا ـ بەختىياغا ئاتىغان توۋەندىكى شېئىرى مىسرالىرىم بىلەن ئاياقلاشتۇرۇشنى بورچۇم دەپ بىلدىم:

تالاي شائىر ئوتكىنى راس بۇ ئالەمدىن،
گوھەر سوزلەر توكۇپ تۇتقان زەر قەلەمدىن.
بالدۇر كەتتىڭ چاقالماستىن ھايات قەنتىنى،
ژۇرىگىڭگە سانچىلغان دەرت ۋە ئەلەمدىن.
كىملەر ساڭا ئاچچىق ـ ئاچچىق مەي ئىچەرگەن،
جەننەت موشۇ دەپ دوزاققا ھەم ئىشتەرگەن.
ياڭقۇنلىغان ئوتلىرىڭغا سۇلار چېچىپ،
كىملەر ئېدى پۇۋ دەپ ژۇرۇپ ھە، ئوچەرگەن.
تارتتىڭ چەرخى پەلەكنىڭ كوپ جاپاسىنى،
كورمىدىڭ سەن ئومۇرنىڭ ھېچ ساپاسىنى.
خەلقىڭ ئامما ئاتاپ كېلەر ساڭا دىگەن،
ئىقىدىسى، ساداقىتى، ۋاپاسىنى...

مومىنجان ھەمرا.

ئەدىبلەرنىڭ غەنىمەت دەملىرى...
سۈرەتتە: (ئوڭدىن سولغا) مەرھۇملار جامالىدىن بوساقوۋ،
مىرزەھەت ئابدۇللىن بىلەن مەسۇمجان زۇلپىقاروۋ، شائىم شاۋايېۋلار.
رۇستەم يۈسۈپوۋنىڭ ئارخىۋىدىن.

ئۇيغۇرچە رادىئو ئاڭلىتىشلار رېداكسىيەسىدە

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر تىلىدىكى رادىئو ئاڭلىتىشلار ئۈزۈمىز ئۈزكىنىپ قالغان مەزگىلدە ئېفىرغا چىقمايىغان بولۇپ قالدى. سەۋەب، جۇمھۇرىيىتىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان بەزى بىر ئىختىسادىي قىيىنچىلىقلار تۈپەيلى، شۇنداقلا يايتەختىنىڭ، جۈملىدىن، كورپوراتسىيەمىزنىڭ ئاق مولىغا كۆچۈرۈلۈشىگە مۇناسىۋەتلىك بىزدىمۇ بىر ئاز تەشكىلىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى.

ئالمۇتىدىن بېرىلىۋاتقان نېمىس، كورېيى، ئىنگلىز، تۈرك

خەۋەردار بولۇپ قېلىڭ!

ۋە باشقا تىللاردىكى ئاڭلىتىشلارمۇ بۈگۈندىن ئېتىبارەن نىمەس. مەلۇمكى، ئىلگىرى، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاڭلىتىشلار بىرىنچى پروگراما بويىچە ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، سېيشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى سائات 16.40 تىن 17.00 – گىچە، شەنبە كۈنى سائات 14.30 دىن 15.00 كىچە، چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بولسا، ھەر كۈنى كەچكى سائات 21.00 دىن 21.20 كىچە ئېفىرغا چىقاتتى. ئېنىقى يېقىندىن باشلاپلا ھەر ئىككى پروگراممىدا بىزنى ئانچە خۇشال قىلمايدىغان ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بۈگۈندىن كېيىن ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاڭلىتىشلار «شالقار» كانالىنىڭ خەلق ئارا «يېۋرازىيە» پروگراممىسى بويىچە ھەپتىسىگە تۆرت قېتىم: دۈشەنبە، سېيشەنبە، پەيشەنبە ۋە شەنبە كۈنلىرى سائات 16.20 دىن 16.40 قىچە 9940 .5970 ۋە 7205 ك گ تس، شۇنداقلا 67 ۋە 52 ئوتتۇرا ھەم قىسقا دولقۇنلىرى ئارقىلىق بېرىلىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى، بىز چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرلىرىمىز ئۈچۈن بېرىلىپ كەلگەن كەچكى ئاڭلىتىشلاردىن مەھرۇم بولدۇق. ھەر ھالدا بىزگە بۇ جەھەتتىن روھىي چۈشكۈنلۈككە بېرىلىشكە ئاساس يوق. چۈنكى «يېۋرازىيە» – بۇ خەلق ئارا پروگراما بولغاچقا، ئۇنىڭ ئارقىلىقمۇ ئاۋازىمىزنى كەلگۈسىدە يېقىن ۋە يىراق چەت ئەللەردىكى، جۈملىدىن، شىنجاڭ – ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى قېرىنداشلىرىمىز بىمالال ئاڭلايدىغان بولىدۇ.

يۈز بەرگەن بىر قاتار ئۆزگىرىشلەردىن قەتئىي نەزەر، بىزنىڭ رادىئو ئاڭلىغۇچىلىرىمىز بىلەن كەلگۈسىدىمۇ يېقىن ۋە سەمىمىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ قالىدىغانلىقىمىزغا ئىشەنچىمىز كامىل. مابادا ئۇلارنىڭ بىزگە ئېيتار پىكىر ۋە تەكلىپلىرى بولسا، مەرھەمەت، 85 – 57 – 63 تېلېفون ئارقىلىق ئالاقە باغلىشىغا بولىدۇ.

رىزا سەمەدىي.

«قازاقستان تېلېرادىئو كورپوراتسىيەسى» ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشلار رېداكسىيەسىنىڭ باش مۇھەررىرى.

باشقا نەشرلەر سەھىپىلىرىدىن

ئىلى ۋىلايىتىدىكى قانلىق ئىيۇل توقۇنۇشى

بۈركۈت. شەرقىي تۈركىستان ئەخبارات مەركىزى.
13 – ئىيۇل.

يېقىندىكى ئىشەنچلىك مەنبەدىن ئېلىنغان مەلۇماتلار بويىچە، ئىيۇل ئېيىنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر ياشلىرى بىلەن خىتاي ئەسكەرلىرى ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك توقۇنۇش يۈز بەرگەن. نەتىجىدە كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ھالاك بولغان. توقۇنۇش شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلى ۋىلايىتىدىكى غۇلجا شەھىرى بىلەن ئىلى نوكرۇگى چېگارىسى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئاقتوبە دېگەن جايدا سادىر بولغان. توقۇنۇشتىن كېيىنلا خىتاي ئەسكەرلىرى قورال – ياراقلار جايلاشقان ھەربىي سكلادلارنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتكەن ۋە ئۇ مۇسىي يۈزلۈك قولغا ئېلىشنى باشلاپ، تۆرت مىڭغا يېقىن ئادەمنى قامىغان. ۋىلايەت دەرھال يېپىلىپ، كومەندانت سائات يولغا قويۇلغان ۋە توقۇنۇشلار توغرىلىق ھەر قانداق ئەخبارات بېرىشنىڭ ئالدى ئېلىنغان. بۇ بىيىل غۇلجىدا ئەركىنلىك تەلەپ قىلغان ئۇيغۇر نامايىشچىلىرىنى خىتاي ئەسكەرلىرى ۋەھشىلىك بىلەن باستۇرغان فېۋرال ۋاقەلىرىدىن كېيىنكى ئەڭ قانلىق توقۇنۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەنبە شۇنداقلا بىيىل ئىيۇلدىن باشلاپ مىللىتى ئۇيغۇر بولغان بىر قاتار شەخسلەرنى خىتاي پولىتسىيەسىنىڭ پۇتكۇل خىتاي بويىچە قاتتىق نازارەتكە ئالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

«ۋرېمە پو گرىنۋىچو» گېزىتىدىن ئېلىندى.

«ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرى رېداكسىيەسىنىڭ كوللېكتىۋى قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كېڭىشىنىڭ رەئىسى، گېزىتلىرىمىزنىڭ جانكۆيەرى شايىم شاۋلىيېۋقا ئاكىسى

ئەركىننىڭ

ۋاپات بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭقۇر قايغۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

ئالمۇتا شەھىرى زارە – ۋوستوكا مەھەللىسىنىڭ يۇرت – جامائىتى يۇرت موتىۋەرى، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاۋىنىڭ ۋېتېرانى

شاكىر مومىزا ئوغلى ماشانلونىڭ

ۋاپات بولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن مەرھۇمنىڭ ئائىلە – تاۋابىئاتىغا، ئۇرۇق – تۇغقان، قومى – قېرىنداشلىرىغا چوڭقۇر قايغۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

تەشۋىشلىك تەھۋال

— بالىلىرىمىز كېلەچىكىنى ئويلاڭ —

ئالمۇتا شەھىرى مېدېۋ ناھىيەلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى ئابدۇۋەلى سابىت يېقىندا رېداكسىيەمىزگە كېلىپ، كورنىي گىگانت مەھەللىسىدىكى 77 – رۇس ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئېچىلغان ئۇيغۇر سىنىپىغا 1997 – 98 – ئوقۇش يىلىدا ھېچبىر ئاتا – ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى بېرىشكە باش تارتقانلىقىنى، 350 ئۇيغۇر ئائىلىسى ياشايدىغان بۇ مەھەللىدە ھازىر 1 – سىنىپقا بىرمۇ ئۇيغۇر بالىنىڭ تىزىمغا ئېلىنمىغانلىقىنى، ئەگەر تەھۋال موشۇ ئەندىزىدە بولسا ئۇيغۇر سىنىپىنىڭ يېپىلىپ قېلىش خەۋپى تۇغۇلۇۋاتقانلىقىنى تەشۋىشلىنىپ سۆزلىدى.

– دېمەك، قىسمەن ئاتا – ئانىلاردا «بالىلىرىمىز ئۇيغۇرچە ئوقۇپ نەگە يېتەتتى؟» دېگەن كۆز قاراش مۇجۇت ئىكەندە؟ – دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

– ھە، ھەممە گەپ ئەينە شۇنىڭدا بولۇۋاتىدۇ، – دەپ باشلىدى سۆزىنى ئۇ. – خەلقىمىزدە «بولىدىغان بالا كىچىكىدىن» دېگەن ماقال بار. تىرىشچان، زېرەك، ئەقىل – ئىدراكلىق بالا قايسى مەكتەپتە ئوقۇسۇن كېلەچەكتە ئۆزىنىڭ ئىلىم – بىلىمگە ئىگە بولغان قابىلىيەتلىك شەخس – بولۇپ يېتىشىدۇ. بۇنىڭغا ئىسپات سۈپىتىدە مىسال ئېلىپ ئۆتسەم، ئۇيغۇر سىنىپلاردىن چىققان ئاكادېمىكلار، پەن دوكتورلىرى بىلەن نامزاتلىرى، ۋراچلار، ئىنژېنېرلار، چوڭ زاۋۇت – فابرىكا، كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىرى، يازغۇچى – شائىرلار، سەنئەتكارلار ۋە باشقا كۆپلىگەن ساھەلەردىكى مۇتەخەسسىسلەرنى كۆرسەتسەك بولىدۇ. ئەپسۇسكى، بەزى ئاتا – ئانىلار ئوقۇش تىلى رۇسچە بولمىغان مەكتەپلەردە تەلىم – تەربىيە ئالغان بالىلار كېلەچەكتە ھېچقانداق يۇقىرى ئوقۇش يۇرتلىرىغا ئوقۇشقا كىرەلمەيدۇ، دەپ ئويلايدىكەن. بۇ ئىنتايىن خاتا كۆز قاراش. ئاتا – ئانىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەشۋىشى ئورۇنسىز.

تاتاپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇيغۇر سىنىپلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلماقتا. بولۇپمۇ مەھەللە پائالىيەتچىلىرى، ئاتا – ئانىلار بىلەن ئۇيغۇر سىنىپلىرى ئۈچۈن ئۆز ئارا سۆھبەتلەر ئۆتكۈزۈلمەكتە.

– بۇ ئەھۋالنى مەن يېقىندا ئالمۇتا شەھىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلگەن كېڭەشتە ئوتتۇرىغا قويدۇم. كېڭەش رەئىسى ... ئېلىپ باردى.

ئەھمىيەتلىك تەرەپ شۇكى، رۇس مەكتىپىدە ئېچىلغان ئۇيغۇر سىنىپلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاتا – ئانىلار ۋە جامائەتچىلىك بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشى كېرەك.

... ئۇيغۇر سىنىپىغا بالا بەرگۈچىلەرنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، 1 – سىنىپقا ھازىر ئاتا – ئانىلار ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇپ، بالىلىرىنى تىزىملاتقانلىقى خۇشاللىنارلىق.

ئالىمجان باۋدىنوۋ.
ئالمۇتا شەھىرى.

ئېكولوگىيە

«بىز لوبنور پولىگونى توغرىلىق نېمە بىلىمىز»



يېقىندا ئالمۇتىدا فوند «21 ۋېك» نەشرىياتىدا ئەينە شۇنداق نام بىلەن رۇس ۋە ئىنگلىز تىللىرىدا كىتابچە نەشر قىلىندى. مەزكۇر كىتابچىنى شەرق ئاياللىرى خەلق ئارا ئېكولوگىيەلىك ئىتتىپاقىنىڭ پرېزىدېنتى ھۇرقىز ئىلىيېۋا بىلەن قازاقستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى، «نېۋادا – شەمەي» خەلق ئارا يادرو قۇراللىغا قارشى ھەرىكەتتى رادىئاتسىيە ئېكولوگىيەسى بويىچە كومىتېتىنىڭ رەئىسى پروفېسسور ئى.يا. چاستىنكوۋ تۈزگەن.

مانا، يېرىم ئەسىردىن ئۇشۇق ۋاقىتتىن بۇيان سەييارىمىزنىڭ ھەر خىل جايلىرىدا يادرو قۇرالى سىناق قىلىندى. خىتايلار لوبنور پولىگونىدا يادرو قۇرالىنى 45 قېتىم سىناق قىلغان، شۇ جۈملىدىن ئاتموسفېرىدا 22 قېتىم سىناق قىلغان.

يادرو قۇرالىنى كۆپلەپ ئىشلەپ چىقىرىش ۋە ئالەمشۇمۇل ھەربىيلەشتۈرۈش سىياسىتى ئىنسانىيەتنى ھالاكەت گىرۋىكىگە ئېلىپ كەلدى. ئەينە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاتاقلىق شائىر ئولژاس سۈلەيمېنوۋ يول باشچىلىغىدىكى «نېۋادا – شەمەي» خەلق ئارا يادرو قۇرالىغا قارشى ھەرىكەتنىڭ، ھۇرقىز ئىلىيېۋا يول باشچىلىغىدىكى شەرق ئاياللىرىنىڭ خەلق ئارا ئېكولوگىيەلىك ئىتتىپاقىنىڭ ۋە پۈتكۈل دۇنيادىكى يادرو قۇرالىغا قارشى كۆپلىگەن تەشكىلاتلارنىڭ يادرو قۇرالىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرىكىتىگە قارىماي، تېرمويادرو ئۇرۇشى خەۋپى يوقىتىلمىدى، لېكىن يادرو قۇرالىنى سىناق قىلىش ۋاقىتلىق توختىتىلدى.

مەزكۇر توپلامدا لوبنور پولىگونى توغرىلىق ھەر خىل مۇئەللىپلەرنىڭ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئېيتقان پىكىرلىرى ئورۇن ئالغان.

خىتاي راكېتىلىرى سىناق قىلىنىدىغان لوبنور پولىگونى قۇرۇلدىن خوتەنگىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 1000 كىلومېتر ۋە كەڭلىكى 250 – 300 كىلومېتر ئارىلىقتىكى تەۋەنى ئىگىلەيدۇ. بۇ تەۋەنىڭ مەركىزى قىسمىغا ئېيتقاندا، سۇلۇق تاشلىغان لوبنور كۆلى جايلاشقان. لوبنور پولىگونىنىڭ سەييارىمىزغا قىلغان سەلبىي تەسىرى قانداق بولدى؟ توپلامدا بۇ سوئالغا مۇئەللىپلەرنىڭ جاۋاپ تېپىشىغا ھەرىكەت قىلغانلىقىنى بايقايمىز. لوبنور پولىگونى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا قىلىنغان ۋە قىلىنىۋاتقان ئىشلار تامامەن قاتتىق مەخپىيەتلىكتە ساقلانغانلىقىغا قارىماي، مۇتەخەسسىسلەر توپلىغان ئەخباراتقا ئاساسلانغان ھالدا، لوبنور پولىگونىدا يادرو قۇرالىنى سىناق قىلىش ئادەملەرگە ۋە تەبىئەتكە ناھايىتى ئېغىر زىيان يەتكۈزدى، دەپ خۇلاسە چىقىرىش مۇمكىن. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكىتلىشىگە قارىغاندا، خىتاينىڭ لوبنور پولىگونىدا ھەر قېتىم يادرو قۇرالى سىناق قىلىنغان ۋاقىتتا ئالمۇتىدا 12 – 16 كىلومېتر ئېگىزلىكتە رادىئو ئاكتىۋ بۇلۇتى پەيدا بولىدۇ ۋە رادىئاتسىيە دەرىجىسى 5 – 7 ھەسسە كۆتىرىلىپ كېتىدۇ.

رادىئو ئاكتىۋ بۇلۇتلىرى بىلەن باغلىق كىچىك رادىئاتسىيە دوزىلىرى جانلىق ئورگانىزملارغا ۋە شۇ جۈملىدىن، ئادەملەرگە ھالاكەتلىك تەسىر يەتكۈزىدۇ. رادىئاتسىيە ناھايىتى يوشۇرۇن، سۈس، سېپىد ياكى موخۇ كېسەلى ئۇخشاش ھەرىكەت قىلىدۇ. رادىئو ئۈكلىدلار ئوتلاقلارغا، ئورمانلارغا، باغلارغا، كۆللەرگە يېغىپ، ھەر كۈنى ۋە ھەر سائەت ئىچىملىك سۈيىنى، ئاشلىق، مېۋە، سۈت، گۆشنى – بىزگە كۈندىلىك ئوزۇق بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى پاسكىنىلاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە ئادەم ئورگانىزمىدا مۇنداق خۇۋۇپلۇق «كىر» پەيدىن – پەي توپلىنىشقا باشلايدۇ. ئەندى بۇ بولسا كۆپلىگەن ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ كېلىدۇ.

نوبېل مۇكاپىتىنىڭ لائۇرىياتلىرى، ئاتاقلىق فىزىك ئالىملار ئا. ساخاروۋ بىلەن ل. پولىنگنىڭ ھېساپلاپ چىقىشىغا قارىغاندا، 1 مېگاتوننا قۇۋۋەتكە ئىگە يادرو قۇرالىنى ئاتموسفېرىدا سىناق قىلىش، ئۇنىڭ قەيەردە يېرىلىشىدىن قەتئىي نەزەر، 10000 ئادەمنىڭ ھاياتىنى قىيىدۇ، (پەقەت لېيكېمىيە ئاغرىقىدىنلا 1000 ئادەم نابۇت بولىدۇ) ۋە 1500 بالىنىڭ ھەر خىل ئۇقسانلار بىلەن تۇغۇلۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. يادرو قۇرالىغا ئىگە دۆلەتلەر تەرىپىدىن ئاتموسفېرىدا ئومۇمىي قۇۋۋىتى 630 مېگاتوننىغا يېقىن يادرو قۇرالى سىناق قىلىندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىلليونلىغان ئادەملەرنىڭ قۇربان ۋە مەجرۇھ بولغانلىقىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇش – بۇ ئىنسانىيەتكە قارشى ياۋۇزلۇق بولىدۇ.

كىتاپچىدا ئەينە شۇنداق ماتېرىياللار دەلىل ئىسپاتلىق، ئىشىنەرلىك ھالدا بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ھەر قانداق ئادەم ھازىرقى دۇنيادىكى بۇ ئەڭ مۇھىم مۇئەمماغا پەرۋاسىز بولمايدىغانلىقى تۇرغان گەپ.

رۇس تىلىدا نەشر قىلىنغان مەزكۇر توپلامنىڭ بىر مەزگىلدە ئىنگلىز تىلىدا تەرجىمىسى بىلەن بېرىلگەنلىكى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر. چۈنكى ئىنگلىز تىللىق كىتابخانە بۇ ئارقىلىق لوبنور پولىگونى توغرىلىق خېلە ئەتراپلىق، مۇھىم رەقەم ۋە فاكتلار بىلەن كەڭ دائىرىدە تەمىنلەنگەن ماتېرىيالغا ئىگە بولىدۇ.

يادىكار سابىتىي.

«Йени хаят» (Новая жизнь) индекс 65359, приложение республиканской общественно-политической газеты «Уйгур авази», регистрационное свидетельство №480, выдано Министерством печати и массовой информации Республики Казахстан.
Газета отпечатано в республиканском газетно-журнальном Издательстве «Дәуір», Алматы, 480044, пр. Достык, 7/4

تېلېفونلار: قوبۇلخانا – 59 – 84 – 33، مەسئۇل كاتىپ – 01 – 92 – 33، كاتىبات بۆلۈمى – 27 – 86 – 33، ئىجتىمائىي – سىياسىي بۆلۈمى – 06 – 86 – 33، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت بۆلۈمى – 81 – 86 – 33، ئىختىسادات بۆلۈمى – 17 – 86 – 33.

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى – قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەتبۇئات ۋە ئاممىۋى ئەخبارات نەشرلىرى بويىچە مىللىي ئاگېنتلىقى.
تىراژى 3095
زاكاز 9745

باش مۇھەررىرنىڭ مۇئاۋىنى م. ئابدۇراخمانوۋ.

يېڭى ھايات
ئالمۇتا، 480044
ئىپەك يولى كوچىسى 50 بىنا، 8 – قەۋەت

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدە بېسىلغان ماقالىلار مۇئەللىپلىرىنىڭ مۇقەددەس بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. تەھرىراتتىمىز ماتېرىيالىلار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.

بۈگۈن - كونستىتۇتسىيە كۈنى

ئاتا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى - روينىڭ سامان بولماس

1997 يىل 30- ئاۋغۇست شەنبە №18 (4079)

يېڭى ھايات

Йеңи һаят

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي - سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى 1970- يىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.

ھاكىمىيەتكە تەۋسىيە قىلىنغان ئۆزئارا بىلىم بېرىش مەكتىپىنى [illegible] تۈزىتىلدى.

كونستىتۇتسىيە كۈچىنى، ھاياتىيلىقىنى كۆرسەتتى

يېڭى كونستىتۇتسىيە - ياش دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنى قوبۇل قىلىنغىنىغا بۈگۈن توپ - توغرا ئىككى يىل تولدى. ھەممىنىڭ يادىدا بولسا كېرەك، كونستىتۇتسىيەنىڭ لايىھىسى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا تالاش - تارتىشلار ئۇرۇج ئېلىپ، رادىو ۋە تېلېۋىدېنىيەدە، گېزىت - ژۇرنال ۋە مەجلىسلەردە ھەر خىل پىكىرلەر ئېيتىلىشقا باشلىدى. بۇمۇ تەبىئىي ئىدى. چۈنكى كونستىتۇتسىيە بىزنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بەلگىلەيدىغان نەرسە ئىدى، ھەر بىر ئادەمدىن ئۇنىڭ ماددىلىرىغا رىيايە قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. شۇڭلاشقا باغلىق بىرلىرى لايىھەنى ھەر تەرەپلىمە ياقلىسا، يەنە بىرلىرى ئۇنىڭدىن خېلىلا جىددىي ئۆزگىرىشلەرنى تاپاتتى. ئامما قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنى پۈتۈنلەي رەت قىلغۇچىلار بولمىدى. كونستىتۇتسىيەنى تەييارلاش جەريانىدا كۆپلىگەن تەكلىپ، تەۋسىيەلەر ئىناۋەتكە ئېلىندى. ئۆتكەن ئىككى يىل داۋامىدا قوبۇل قىلىنغان يېڭى كونستىتۇتسىيە ئۆزىنىڭ كۈچىنى، ھاياتىيلىقىنى كۆرسەتتى.

بىز جۇمھۇرىيىتىمىزدە باشقىلارغا نىسبەتەن مىللەتلەر ئارا رازىمەنلىك يۇغرالىق كېلىشىم ھۆكۈم سۈرىدۇ، دەپ ماختىناتتۇق. يېڭى كونستىتۇتسىيەنى قوبۇل قىلغىچە تىل مەسىلىسىگە باغلىق چوڭ تالاش - تارتىشلارنىڭ بولغانلىقىنى بىلىمىز. رۇس تىلى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ھاقارەتلەنمىسۇن، ئۇنىڭغا ھەر تەرەپلىمە ھوجۇم باشلىنىپ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى تۆۋەنلىتىشكە ئۇرۇنغۇچىلار ئاز بولمىدى. كونستىتۇتسىيە ھەر ئىككى تىلغا قانۇنىي ئېنىقلىما بەردى: دۆلەت تىلى بولۇپ قازاق تىلى قالدۇرىلىدۇ، رۇس تىلى بولسا «دۆلەت ئورگانلىرىدا ۋە يەرلىك ئۆزىنى - ئۆزى باشقۇرۇش ئورگانلىرىدا قازاق تىلى بىلەن رەسمىي... قوللىنىلىدۇ».

ئەممىنى بەلگىلەيدىغان ۋاقىت بىزنىڭ ئىنتايىن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بىز رۇس تىلىدىن ھېچ قاچان كېچەلمەيمىز. ئۇ، بىرىنچىدىن، دۇنياۋىي تىللارنىڭ بىرى، ئىككىنچىدىن، دۇنياۋىي، ياۋروپا مەدەنىيىتى بىزگە كۆپ جەھەتتىن رۇس تىلى ئارقىلىق كەلمەكتە. ئېپۇسكى، ھازىر ئۇمۇمخەلق مۇ[illegible]

[illegible]

جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى ئۆزىنىڭ تارىخىي [illegible] راۋى بىلەن دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ بارلىق تارماقلىرىنىڭ كېلىشىپ ئىشلىشى ۋە ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ خەلق ئالدىدىكى جاۋابكەرلىكىنى تەمىنلەيدۇ» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئىنتايىن دۇرۇسلىقىنى ھاياتنىڭ ئۆزى تەستىقلىمەكتە.

يېڭى كونستىتۇتسىيەنىڭ ئىنتايىن دېموكراتىكلىقىدا ھېچ شەك - شۈبھە يوق. بۇنى بىز ئۆزىمىزنىڭ كۈندىلىك ھاياتىمىزدا، سۆز، مەتبۇئات ئەركىنلىكىدە ئوچۇق ھېس قىلىۋاتىمىز. ئامما شۇنىڭدىمۇ رازىمەنلىك، خاتىرجەملىك يولىغا باغلىق مىتىنگلار ۋە نامايىشلارنىڭ مەنئىي قىلىنىشى، پېنسيونېرلارنىڭ ئۆز داۋالىرىغا باغلىق ژۇرۇشلىرىگە يول قويماسلىق، ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ يېتەكچىسىگە نىسبەتەن قوللىنىۋاتقان «چارىلەر» كونستىتۇتسىيەگە ئانچىلا ماس كەلمەيدىغان ئۇرۇنۇشلار بولسا كېرەك.

تۇتالىتارلىق تۈزۈمنىڭ قائىدىسى بويىچە ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك ۋە ناھىيەلىك دىرىجىدىكى پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ بىرىنچى دىرىجىلىك رەھبەرلىرى ژۇقۇرىدىن بەلگۈلەنگەنلىكتىن، ئۇلار ئۆز ئورنىدا چەكسىز ھاكىمىيەتكە ئىگە بولغانلىقىنى بىز ياخشى بىلىمىز. پارتىيە تارقىتىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئورنىغا بىرلا ئادەم - مەمۇرىيەت ھەم ئۇنىڭ باشلىقى ھاكىملار قالدى. ئامما بىز ئۆزىمىزنى دېموكراتىك مەملىكەت دەپ ئاتىغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش [illegible]

[illegible] دىيىنت ھاكىملارنى ئۆزى تايىنلىسمۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى بىر يىلغا يېتەر - يەتمەستىن ۋەزىپىسىدىن بوشىتىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. بۇ يەردە ئىشنىڭ ژۇرۇشمەيۋاتقانلىقىدىكى ئاساسىي سەۋەپ، ئۇلارنى خەلق سايلىماستىن ژۇقۇرىدىن بەكىتىلگەنلىكتىن.

بىز ژۇقۇرىدا تەكىتلىگەندەك، كونستىتۇتسىيەگە ئادەتتىكى ئادەمدىن پرېزىدېنتقىچە ھەممىمىز رىيايە قىلىشىمىز كېرەك. قانۇن ئالدىدا ھەممىمىز باراۋەر. ئامما شۇ نەرسە تەئەججۈپلىنەرلىككى، كونستىتۇتسىيەنى بۇزغۇچىلار ئادەتتىكى كىشىلەرگە قارىغاندا ژۇقۇرى مەنسەپتىكىلەر ئارىسىدا كۆپىرەك. ئۇلارنىڭ ئاساسىي «جىنايىتى» ئۆز لاۋازىمىنى سۇيىستېمال قىلىش. تەركاۋ ئورگانلىرى، بىرىنچى نۆۋەتتە پروكۇراتۇرا خادىملىرى ئۇلارنى پاش قىلسىمۇ، «جىنايەتچىلەرنىڭ» ئىشى سوتتىن ئىرى بارمايدۇ. يېڭى كونستىتۇتسىيە بويىچە كونستىتۇتسىيە سوتى ئورنىغا كونستىتۇتسىيە كېڭىشى پەيدا بولدى. ئامما كۆپچىلىك ئۈچۈن ئۇنىڭ پائالىيىتى ھازىرچە قاراڭغۇ دېسەكمۇ بولىدۇ.

ھەر بىر كونستىتۇتسىيە ھاياتنىڭ ئۆزىدە يۈز بېرىۋاتقان ھەممە ھادىسىلەرنى ئالدىن - ئالا بەلگۈلىمەيدۇ. تۇرمۇش، ئەمەلىيات ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا، كونستىتۇتسىيەمۇ بۇنى ئېتىۋارغا ئېلىشى لازىم. دېمەك، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ بەزى ماددىلىرىغا ئېكىلىقلار كىرگۈزۈلىدۇ. ئىككى يىل يېڭى كونستىتۇتسىيەنى سىناش ئۈچۈن يېتەرلىك بولمىسىمۇ، ئۆتكەن ۋاقىت ئۇنىڭ مۇرەككەپلىكى، ئېغىرلىقى بىلەن ئۇنىڭ ئۇتۇق ھەم كامچىلىق تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەندىكى ۋەزىپە ئۇتۇقلۇق تەرەپلەرگە رىيايە قىلىشنى ئېنىقمۇ كۈچەيتىپ، كامچىلىقلارنى دە ۋىر تەلەپكە مۇۋاپىق ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەتتۇر.

رابىك ئىسمايىلوۋ.

ئەخبارات ئاگېنتلىقلىرى خەۋەر قىلىدۇ

يېۋرازىيە ئىنتىپاقىنى قۇرۇشنى ھاياتنىڭ ئۆزى تەلەپ قىلغان بولىدۇ

20- ئاۋغۇستتا [illegible] پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازارباييۋ [illegible] موسكۋا شەھىرىنىڭ ھاكىمى يۇرىي لۇژكوۋنى قوبۇل قىلدى. [illegible]

[illegible]

قېرىنداش مەملىكەتلەر بارغانسېرى يېقىنلىشىدۇ

25- ئاۋغۇستتا [illegible]

سەممىمىي ئۇچرىشىشلار

[illegible]

تالىبلارغا قارشى كۈچلەر بىرلىشىدۇ

[illegible]

كاۋكاز خەلقى [illegible]

[illegible]

كەشمىر: دەسلەپ ئوق ئاتقان كىم؟

[illegible]

خىتايدىكى يېڭى تېپىلما

[illegible]

1998 - يىلغا مۇشتىرى توپلاش باشلاندى

ھۆرمەتلىك گېزىتخانلار! موشۇ يىلنىڭ 1- سېنتەبىردىن 1998- يىل ئۈچۈن گېزىت ۋە ژۇرناللارغا مۇشتىرى توپلاش باشلىنىدۇ. جۇمھۇرىيەتلىك «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىغا بارلىق ئالاقە بۆلۈملىرى، شۇنداقلا جايلاردىكى جەمئىيەتلىك ئاساستا مۇشتىرى توپلىغۇچىلار، گېزىتلىرىمىزنى ئاكتىپ تارقاتقۇچىلار ئارقىلىق يېزىلىشقا بولىدۇ.

«ئۇيغۇر ئاۋازىنىڭ» ئىندېكسى 65357، بىر يىللىق يېزىلىش باھاسى 871 تەڭگە 32 تىيىن.

«يېڭى ھاياتنىڭ» ئىندېكسى 65359، بىر يىللىق يېزىلىش باھاسى 795 تەڭگە 60 تىيىن.

(«مۇشتىرى توپلاش - 98» مۇشتىرى توغرىلىق باشقا مەلۇماتلار گېزىتىمىزنىڭ كېيىنكى سانىدا ئېلان قىلىنىدۇ).

ئادەم ۋە پۇقرالار ھوقۇقلىرى بىلەن ئەركىنلىكلىرىنىڭ كاپالىتى

1995- يىلى قوبۇل قىلىنغان قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ يېڭى كونستىتۇتسىيەسى: «بىز ئورتاق تارىخىي تەغدىر بىرىكتۈرگەن قازاقستان خەلقى، ئېيتىمىي قازاق يېرىدە ئۆز دۆلىتىمىزنى قۇرۇپ، ئۆزىمىزنى ئەركىن، تەڭلىك ۋە رازىمەنلىك مەدەنىيەتلىرىگە بېرىلگەن ئېچىلغۇچىلار پۇقرالار جەمئىيىتى دەپ بىلىپ، دۇنياۋىي ئىنتىپاقتا مۇناسىپ ئورۇن ئېلىشنى تىلەپ، ھازىرقى ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلار ئالدىدىكى ژۇقۇرى جاۋابكەرلىكىمىزنى ھېس قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىللىق ھوقۇقىمىزنى ئاساس قىلغان ھالدا موشۇ كونستىتۇتسىيەنى قوبۇل قىلىمىز» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئېچىلغان.

قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ كونستىتۇتسىيەسى بويىچە مەملىكەتنىڭ ئەڭ ئاساسىي بايلىقى - ئادەم، ئۇنىڭ ھاياتى، ھوقۇقلىرى ۋە قانۇنىي ھەم ھوقۇق - نورماتىۋلىق ئاكتلار بىلەن بەلگۈلىنىدىغان ئەركىنلىكلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يېڭى كونستىتۇتسىيەنىڭ «دۆلەتلىك ھۆكۈمەت ئىسلاھاتى» بولۇمىدە «ئادەم ۋە پۇقرا» دېگەن باپ بار. ئۇنىڭدا جەمئىيەتلىك تەرەققىيات دەرىجىسى، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان پۇقرالارنىڭ ھوقۇقلىرى كۆرسىتىلگەن. كونستىتۇتسىيە دۆلەت تەرىپىدىن تەمىنلەنمەيدىغان ھوقۇقلارنى ئىنقرار قىلىشتىن باش تارتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەمگەك ھوقۇقى ئەمەس، ئەمگەك ئەركىنلىكى ھوقۇقى، خىزمەت بىلەن مۇتەخەسسىسلىكنى ئەركىن تاللاش ئىنقرار قىلىنىدۇ. ئەمگەك ئەركىنلىكى ھوقۇقى ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئەمگەك قىلىش قابىلىيىتى بىلەن ئەركىن باشقۇرالايدىغان، خىزمەت بىلەن مۇتەخەسسىسلىكنىڭ رولىنى تاللاپ ئالالايدىغان ئەركىن ئەمگەكتىن ئىبارەت. بۇ - ھەر بىر پۇقرا ئەمگەك ھوقۇقىنى ياللاش، ئايرىم ئەمگەك قىلىش، دۆلەت خىزمىتى، شەخسىي تىجارەت، باشقىمۇ كارخانىلار ئۇرخشاش ھەر خىل شەكىللەردە ئىشقا ئاشۇرالايدۇ دېگەن سۆز.

دەم ئېلىش ھوقۇقى كونستىتۇتسىيەدە بەلگۈلەنگەن پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ئىشچىلار بىلەن خىزمەتچىلەرگە ئىش ۋاقتىدا ئارام ئېلىش ۋە ئاماقلىنىش، بايرام كۈنلىرى ۋە ھەپتە سايىن دەم ئېلىش، يىل داۋامىدا ھەق تۆلىگەن ھالدا دەم ئېلىش بېرىشنى كۆزدە تۇتىدۇ.

كونستىتۇتسىيەگە ئادەم بىلەن پۇقرالارنىڭ شەخسىي ئەركىنلىكى ئېلېمېنتلىرىدىن تەشكىل تاپقان قوشۇمچە كونستىتۇتسىيەلىك ھوقۇقلار قوشۇلغان. ئۇ شەخسىي ۋە ئائىلەۋىي ئەركىنلىككە ھېچ كىم ئارىلاشماسلىقنى كېرەك ۋە ئادەمنىڭ ئائىلەۋىي مەخپىيىتى ساقلىنىشى، ئار - نومۇسىنى كوغداش، بانكىلارغا ئامانەت قويۇش مەخپىيىتى، تېلېفون بىلەن سۆزلىشىش، پوچتا - تېلېگراف ۋە باشقا ئالاقىلار، ئۆزىنىڭ مىللىي، پارتىيەلىك ياكى دىنىي مۇناسىۋەتلىرىنى بەلگۈلەش، ئانا تىلى بىلەن مەدەنىيىتىدىن پايدىلىنىش، كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش، بالىلارنى تەربىيەلەش، ئوقۇتۇش ۋە ئىجات قىلىش تىلىنى ئەركىن تاللاش ھوقۇقلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

كونستىتۇتسىيە قۇرۇلۇشىنى ئۆزگەرتىشكە، دۆلەت بىرلىكىنى بۇزۇشقا قارىتىلغان پۇقرا ئۇرۇشلىرىنى قوزغاشقا ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويمايدۇ.

كونستىتۇتسىيەدە پۇقرالارنىڭ ھوقۇقلىرى بىلەن ئەركىنلىكلىرى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن، ئەندى كونستىتۇتسىيەلىك كېڭەش بىلەن سوت، ھۆكۈمەتنىڭ رولى بىلەن مەرتىۋىسى موشۇ ھوقۇقلار بىلەن ئەركىنلىكلەرگە كاپالەتلىك بېرىدۇ.

سىياسىي ئىنستىتۇت قىلىپلىشىش ۋە ئىشلەش ئارقىلىق جەمئىيەتنى باشقۇرۇش قارارىنى چىقىرىدۇ. (سىياسىي پارتىيەلەر، قانۇن ژىغىندىسى، ئىجرا قىلىش، سوت ھۆكۈمى)، ھوقۇقلۇق، دېموكراتىيەلىك جەمئىيەتنى قۇرۇشقا مۇستەھكەم نىشاننى بەلگۈلەيدۇ. يېڭى كونستىتۇتسىيە دېموكراتىيەلىك سىياسىي پروگراممىنى بەكىتىدۇ، ھۆكۈمەت تاپشۇرۇش تەرتىۋىنى بەلگۈلەيدۇ. ئۇ سىياسەتكە تەئەللۇق ۋە جەمئىيەتتە بىسىم كۈچكە ئېگە سىياسىي مەدەنىيەتنىڭ، يەنى غەزنىلەر، تەرتىپ، نىشان، دىنىي ئىشەنچە ئۆزگىرىشلىرىنىڭ ئاساسىي بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك مەدەنىيەت، يېڭى ئىنستىتۇتلارنىڭ قۇرۇلۇشقا قارىغاندا، خېلە ئاستا ئۆزگىرىدۇ، لېكىن جەمئىيەتلىك ئاڭنىڭ دېموكراتىيەگە، ھوقۇقلۇق مەملىكەت تەرەپكە قاراپ يول تۇتىدىغانلىقىنى سېزىمىز.

ئىبراغالى كانادانوۋ،
ئالمۇتا شەھەرلىك ئەدلىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقى.

● ژىللار ۋە ئادەملەر

ئەل خىزمىتىدە ئۆتكەن ھايات

ھەر بىر يۇرت، مەھەللىلەرنىڭ ئۆز موتىۋەر زاتلىرى بولىدۇ. مەنزىرلىك ئالىتاغ باغرىغا جايلاشقان «ئالاتاۋ» سوۋخوزىنىڭ پەتلىپتىكا مەھەللىسى بىلەن «قازاق فىلىم» مىكرورايونىنىڭ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى ئۇسمان ئاكا زايىروۋنى يۇرت موتىۋەرى دەپ تونۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ھورمەت - ئىھتىرام بىلەن تىلغا ئالىدۇ. بۇ ھورمەتكە ئۇسمان ئاكا كوپ ژىللاردىن بېرى جەمىيەت ئىشلىرىدا بولسۇن، يۇرت جامائەتچىلىكى ئىشلىرىدا بولسۇن ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىق ئەمگىكى ۋە ئۇيۇشتۇرۇش قابىلىيىتىنىڭ ئۇستۈنلىكى تۇپەيلى ئېرىشكەن.

كىچىك پېيىل، خۇشخۇي، دىلكەش بۇ ئادەم يېشى سەكسەنگە كىرگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ تېتىك - تىمەنلىكى، ھازىر جاۋابلىغى، مەسلىھەتكە ساغلام پىكىر قىلىشى ۋە ئۇيغۇر ئاقساقاللىرىغا خاس سالاپەتلىكى بىلەن كىشىلەرنى [illegible]

1917 - ژىلى ياركەنت شەھىرىدە [illegible]

[illegible] ئۇسمان ئاكا زايىروۋ [illegible] مۇنداق دەيدۇ:

- [illegible] 1918 - ژىلى [illegible] 1926 - ژىلى [illegible]

[illegible] 1929 - ژىلى [illegible] 1934 - ژىلى [illegible] مائارىپ سىستېمىسىدا ئىشلەشنى ئارمان قىلغان ژىگىت ياركەنت شەھىرىدىكى مۇئەللىملەرنى تەييارلايدىغان ئالتە ئايلىق كۇرسقا چۈشۈپ ئوقۇدى. ئوقۇشنى ياخشى باھالار بىلەن تۈگىتىپ، شۇ ژىلى يوللانما بىلەن چېلەك يېزىسىغا كېلىپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم بولدى. ئۇ بالىلارغا بىلىم بېرىش بىلەن جامائەتچىلىك ئىشلارغا يېقىندىن ئارىلاشتى. ئۇسمان زايىروۋ باشقا كەسىپداشلىرىغا ئوخشاش ياشلىق غەيرىتى بىلەن ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشى باشلىنىپ كەتتى. شۇ ئېغىر ژىللارنى ئېسىگە ئالغان سوھبەتدىشىم سوھبەت ئارا مۇنداق دېدى:

- 1940 - ژىلى مەن ئۆز ئىلتىماسىم بىلەن ئارمىيە سېپىگە چاقىرتىلدىم. (چۈنكى ئۇ دەۋرلەردە پېداگوگلار ئارمىيە خىزمىتىگە چاقىرتىلماتتى). ئالدى بىلەن كىروۋوگرادتىكى ھەربىي - ھاۋا ئۇچقۇچىلىرىنى تەييارلايدىغان ئۇچىلىشىغا ئەۋەتتى. ئالتە ئاي ئىچىدە راست - شتۇرمان كەسپىنى ئىگىلەپ چىقتىم. 1941 - ژىلى ماي ئېيىدا مېنى كوتوۋسكىي ھەربىي - ھاۋا پولكىغا خىزمەتكە ئەۋەتتى. مەزكۇر ھەربىي قىسىمدا خىزمەت بورچىمىزنى ئادا قىلىۋاتقىنىمىزدا، ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشى باشلىنىدۇ. نېمىس - فاشىستلىرىدىن ئۇكرائىنا يېرىنى ئازات قىلىشتا ئۇرغۇنلىغان قانلىق جەڭلەرگە قاتنىشىشقا توغرا كەلدى. مەسىلەن، ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىلا پولكتىن ئالتە كەسىپدىشىم بىلەن مېنى ئۇكرائىنىنىڭ پېرۋومايسكايا، سۇپيېۋكا يېزىلىرىنى دۈشمەندىن ھاۋا بوشلىغىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. موشۇ ئاسمان جېڭىدە ئالتە سەپدىشىم قازا بولدى. بولۇپمۇ، ئۇلاردىن ئايرىلىش مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر بولغان ئىدى...

كېيىنرەك ژوزېنسكىي شەھىرىدىكى 860 - ھەربىي - ھاۋا ئۇچقۇچىلار پولكىنىڭ ئىككىنچى ئېسكادرونىغا رادىست قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ يەردە بىز 3 - ئۇكرائىنا فرونتى جەڭچىلىرىنىڭ تەركىۋىدە بولۇپ، ئاۋستىرىيە، رومىنىيە ۋە باشقىمۇ ياۋروپا مەملىكەتلىرىنى فاشىستلار چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇش جەڭلىرىگە قاتناشتىم. موشۇ قانلىق كورەشلەردە كورسەتكەن خىزمەتلىرىم ئۈچۈن «قىزىل يۇلتۇز» ئوردېنى ۋە ئونلىغان مېداللار بىلەن مۇكاپاتلاندىم...

1946 - ژىلى فرونتتىن قايتىپ كېلىپ، تالغىر ناھىيىسىنىڭ كالىنىن نامىدىكى كولخوزدا ژۇرنو يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلىدىم. مەزكۇر ئېگىلىكتە بەش ژىل ئىشلىگەندىن كېيىن، 1951 - ژىلى ئالمۇتا تومۇر يول ستانسىيەسىدە پويېزد ۋاگونلىرىنى چېتىش بىرىگادىسىدا بىرىگادىر بولۇپ، 1954 - ژىلغىچە ئىشلىدىم. بىراق، «بالا - قازا كورۇنۇپ كەلمەيدۇ» دەيدىكەن خەلقىمىز، سول قولۇمدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ، ناكا بولۇپ قالدىم. شۇنداق بولسىمۇ، موشۇ ئوتكەن ژىللار ئىچىدە جەمىيەت ئىشلىرىدىن قول ئۈزمەي، تا 1990 - ژىلى ھورمەتلىك دەم ئېلىشقا چىقىپ، ھەر خىل ساھالاردا ئىشلىدىم...

ئۇسمان ئاكا زايىروۋ كېيىنكى ئون ژىلغا يېقىن ۋاقىتنى يۇرت - جامائەتچىلىكنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا بېغىشلىدى. بۇ توغرىلىق يۇرتداشلىرىنىڭ پىكرى تۆۋەندىكىچە:

تۇرسۇن ئىمرەمزىيېۋ: (پەتلىپتىكا، قازاقفىلىم مىكرورايونى ۋە «باقاناشىل» مەھەللىرىنىڭ ژىگىت بېشى).

- ئۇسمان ئاكا زايىروۋ كوپ ژىللاردىن بېرى موشۇ پەتلىپتىكا مەھەللىسىدە ئىستىقامەت قىلىپ كېلىۋاتقان جامائەت موتىۋەرى، ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشى ۋە ئەمگەك ۋېتېرانى، جامائەت ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئارىلىشىپ كېلىۋاتقان ئاقساقاللىرىمىزنىڭ بىرى. پۇتكۇل يۇرت ئۇسمان ئاكىنى، رەپىقىسى تۇراخان ھەدىنى ھورمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ئۇسمان ئاكا ئۆزىنىڭ ياشانغىنىغا قارىماي، دايىم ياشلارغا ياخشى ئادەملەردىن بولۇپ چىقىشقا پىكىر - تەكلىپلىرىنى، نېسىھەتلىرىنى بېرىپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا ئانا تىلىمىزدا چىقىۋاتقان گېزىتلىرىمىزنىڭ ئاكتىۋىستى سۈپىتىدە يۇرتىمىزدىكى ھەر بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ گېزىتلارغا مۇشتىرى بولۇشىغا تەشۋىق قىلىپ، ئۆزى باشقىلارغا ئۈلگە بولۇپ كەلمەكتە.

داۋۇت قۇزىيېۋ: - مەن ئۇسمان زايىروۋ بىلەن قەدىناس دوست. ئۇنى يۇرت ئىچىدە بىلمەيدىغان، ھورمەتلىمەيدىغان ئادەم يوق دېسەم، مۇبالىغە بولماس. چۈنكى ئۇسمان تۇرمۇشنى ياخشى بىلىدۇ. جامائەت ئىشلىرىدا ھەر قانداق ئىشنى ئۇيۇشتۇرۇشتا تەشكىللىي قابىلىيىتى بار ئادەم. بۇ ئادەمنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، يېشىنىڭ يېتىپ قالغىنىغا قارىماي، جامائەت تەرىپىدىن قىلىنىدىغان ئىشلارغا ئۆزىنىڭ پايدىلىق مەسلىھەتلىرىنى بېرىپ، ئىشنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنلىشىغا دەۋەت قىلىدۇ.

تۇرسۇن ھاشىم: - مەھەللىمىزنىڭ ئابرويلۇق ئاقساقلى ئۇسمان ئاكىنى مەن كوپ ژىللاردىن بېرى ياخشى بىلىمەن. بۇ كەمتەر ئىنسان ئائىلىدە قانچىلىك ئىززەت - ئىھتىرامغا ئىگە بولسا، جامائەت ئارىسىدىمۇ شۇنچىلىك ھورمەتلىك. موشۇ ئوتكەن ژىللار ئىچىدە ئۇ ھەر قانداق ئىشنى مەھەللە ژىگىت بېشى بىلەن بىرلىكتە جامائەت بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، كوڭۇلدىكىدەك بولۇشىغا ھەسسە قوشۇپ كېلىۋاتىدۇ.

بىيىل ئۇسمان ئاكا 80 - باھارىنى قارشى ئالدى. موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئېنىغا سالامەتلىك، ھاياتىغا خاتىرجەملىك تىلەيمىز.

ياقۇپ سەمەدىي.
ئالمۇتا شەھىرى.



تەبرىكنامە

ئۇسمان زايىروۋقا
ئالمۇتا شەھىرى

يۇرت ئاقساقلى، جامائەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ جانكويەرى، ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشى ۋە ئەمگەك ۋېتېرانى ئۇسمان ئاكا زايىروۋ مانا 80 ياشقا، ئۇنىڭ تۇراخان ھەدە بىلەن ئائىلە قۇرغانلىغىغا 60 ژىل تولدى. ئۇسمان ئاكا بىلەن تۇراخان ھەدىنى بىز بۈك چىنارغا قىياس قىلغۇمىز كېلىدۇ. سەككىز پەرزەنت ئوستۇرۇپ، جەمىيىتىمىزگە لايىق كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلىگەن بۇ بەختىيار كىشىلەرنىڭ ھازىر ئون بىر نەۋرە، ئالتە چەۋرىسى بار.

يۇرتىمىزنىڭ موتىۋەرى، مەسلىھەتكارىمىز، ئۇرۇش مەيدانلىرىدا قان كېچىپ جەڭ قىلغان، ھاياتنىڭ ئىسسىق - سوغىنى بېشىدىن كوپ ئوتكۈزگەن ئۇسمان ئاكا بىلەن تۇراخان ھەدىمىزنى قوش مۇبارەك تويى بىلەن سەمىمىي تەبرىكلەپ، ئۇلارغا سالامەتلىك، ئۇزاق ئومۇر تىلەيمىز.

بىر ئومۇر ئەلگە خىزمەت قىلىپ ئوتتۇڭ،
ھاياتتا ئەمگەكتىن ئىزلار سېلىپ.
يۇرتىمىز موتىۋەرى بولۇپ قالدىڭ،
سەكسەننىڭ داۋانىغا چىقىۋېلىپ.
ئەتراپقا سايە سالغان بۈك چىناردەك،
يەنىمۇ ئۇزۇن ژىللار ئومۇر سۇرگىن.
يار بولسۇن بەخت، سالامەتلىك،
پەرزەنتلەر راھاۋىتىن كورۇپ ژۇرگىن.

تەبرىكلىگۈچىلەر: پەتلىپتىكا، «قازاقفىلىم» مىكرورايونى ۋە «باقاناشىل» مەھەللىرىنىڭ ئۇيغۇر جامائەتچىلىگى.

ژۇراق ۋە يېقىن چەت ئەللەردە

م د ھ ئەللىرىنىڭ ئاممىۋى ئەخبارات ۋاستىلىرىدىكى كامپانىيە

تالىپلارغا قارشى بىرلەشكەن ھەربىي كۈچلىرىنىڭ كەڭ مىقياستىكى ھۇجۇمى م د ھ ئاممىۋى ئەخبارات ۋاستىلىرىدا خۇشاللىق پەيدا قىلدى.

ئاۋغانىستاندىكى ئەھۋال توغرىلىق م د ھ نىڭ كەڭ دائىرىدىكى گېزىتخانىلىرى ۋە تېلېتاماشىبىنلىرى ئۈچۈن ئىلگىرىكىدەكلا روسسىيە مەنبەلىرى ئاساسىي ئەخبارات مەنبەسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. روسسىيە مەنبەلىرى ۋاقەلەرنى بىر تەرەپلىمىلىك يورۇتۇش ۋە تەھلىل قىلىشتا ھەيران قالارلىق دەرىجىدە يەكدىللىكنى نامايىش قىلماقتا. لېكىن ئومۇمىي خوردىن ئىستىسنا ھالىتىمۇ بولدى، مەسىلەن، سېمىيون باغداساروۋنىڭ «تاجىكىستاننىڭ رىۋايەتلىرى بىلەن رېئاللىقلىرى» دېگەن ماقالىسىنى ئالايلى: ئاساسىي جەھەتتىن باغداساروۋنىڭ تالىپلار بىرلەشكەن ئاۋغانىستان دولىتىنى ئەكسىگە كەلتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەشىۋاتىدۇ، ئەندى ئۇلارغا بۇنىڭدا سىپاراتچى، بولگۇنچىلەر - مەسۇد ۋە باشقىلار قارشى تۇرىۋاتىدۇ دېگەن پىكرى مېنىڭ پىكرىم بىلەن ماس كېلىدۇ. باغداساروۋ ئەق ئەينە شۇ مەسۇدنىڭ ئوترەدلىرى تاجىكىستاندىكى م د ھ چېگىراچىلىرىغا مۇنتەزىم رەۋىشتە ھۇجۇم قىلىپ تۇرغانلىغى، شۇ جۇملىدىن، 12 - چېگارا زاستاۋىسىدا قانلىق قىرغىنچىلىق ئۇيۇشتۇرغانلىغىنى توغرا ئەسلىتىپ ئوتىدۇ. ھازىر روسسىيە ۋە باشقا م د ھ ئەللىرى مەسۇدقا ئاكتىۋ ياردەم بەرمەكتە. ئەندى گېزىتلەر بىلەن تېلېۋىدېنىيىدا بولسا ئۇنى تەرغىپ قىلىپ، ماختىماقتا. م د ھ دىپلوماتلىرى ھەددىدىن ئاشقان ھالدا «دىپلوماتلىشىپ» كەتمىدىمۇ؟!

بارلىق ئاممىۋى ئەخبارات ۋاستىلىرى دېگىدەك تالىپلارنى تىللىماقتا ۋە ئۇلارنىڭ مۇۋاپىقىيەتسىزلىكلىرىگە شاتلانماقتا. ھە، ھازىر تالىپلارغا ناھايىتى قىيىن بولۇۋاتىدۇ. لېكىن بۇ مەغلۇبىيەت ئەمەس. ئاۋغانىستاننىڭ رەھبىرى لاۋازىمىغا ھازىر كىم رىيال ھالدا ئۈمۈت قىلىشى مۇمكىن؟

روسسىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا ئوتۇۋالغان رابانى ئابرويىنى ئۇزۇل - كېسىل يوقاتتى.

ئىلگىرىمۇ ئاۋغانىستان دولىتىنىڭ رەھبىرى رولىغا ئىنتىلمىغان گېنېرال دۇستۇم، ھازىر تۈركىيەدە ياشىماقتا.

دۇستۇمدىن بىر دەمدە بىر تەرەپكە، يەنە بىر دەمدە يەنە بىر تەرەپكە ئوتۇۋېلىش قىلىغىنى مىراس ئالغان مالىك ھازىر شىمالدا قىلىپ لاشقان مۇستەقىل باشقۇرۇشنى قانداق ساقلاپ قېلىش توغرىلىقلا ئويلايدۇ.

مەسۇد تالىپلار ئاۋغانىستاننىڭ شىمالىغا غالىبانە ئالغا ئىلگىرلىگەن كۈنلىرىدە مەملىكەتتىن قېچىپ كەتمىدى. ئۇ بەرداشلىق بەردى، ئېنىغراغى، پاندشىر سېيىدا يوشۇرۇنۇپ تۇردى. لېكىن مەسۇدنىڭ ھەرىكەتلىرى ئەمەس، بەلكى مالىكنىڭ ھەرىكەتلىرى تالىپلارغا قارشى بىرلەشمىنى يەنە قايتىلىك بوسۇغىسىغا ئېلىپ كەلدى. مالىك تالىپلار تەرىپىگە ئوتۇپ، ئۇلار ئۇرۇشتا غالىبىيەتنى بايراملاۋاتقان چاغدا، ئوزبەك ھەربىي كۈچلىرى شىمالىي ئاۋغانىستاننىڭ پۇتكۇل تەۋەسى بويىچە ئويۇقسىز تالىپلارغا ھۇجۇم قىلدى. تالىپلار مۇنداق كۇتۇلمىگەن ھۇجۇمدىن مەغدەپ قالغان ئىدى. بۇ ھۇجۇم ئالدىن - ئالا ئويلاشتۇرۇلغان مەككارلىق ھەرىكەت بولدىمۇ؟ بۇ ھادىسە مېنىڭ ئاۋغانىستاندا تېچلىقنى قولغا كەلتۇرۇش ئۈچۈن بارلىق رېگىونال، مىللىي ھەربىي كۈچلەرنى قۇرالسىزلاندۇرۇش ۋە بىرلەشكەن ئاۋغانىستان ئارمىيەسىنى قۇرۇش كېرەك، دېگەن پىكرىمنى ئىسپاتلايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئاۋغانىستانلىقلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ: «بۈگۈن ھاكىمىيەت ئۈستىگە كىم كەلدى؟» - دەپ رەم ئاچىدىغان بولىدۇ. مەسۇد - ئابرويلۇق شەخس، لېدىر، لېكىن ئاۋغانىستاندىكى پۇشتۇنلار بىلەن تاجىكلار ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي قارىمۇ - قارشىلىق ئۇنى مەملىكەت رەھبىرى لاۋازىمىغا ئېلىپ كەلمەيدۇ.

ھېكمەتيار - پۇشتۇن، لېكىن ھازىر ئۇ ئەسكەرسىز سەردار دۇر.

ئاۋغانىستان تەۋەسىنىڭ كوپ قىسمىنى نازارەت قىلىۋاتقان «تالىبان» ھەرىكىتىنىڭ لىدېرى - موللا ئومەر بۇ لاۋازىمغا لايىق نامزاتلارنىڭ بىرى. تالىپلارنىڭ تەنقىتچىلىرى، ئۇلارنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى تەنقىتلىگەن ھالدا، مېنىڭچە بولغاندا، ئىسلامچىلار رەھبەرلىكنىڭ مەمۇرىيىتىنىڭ ئىچكى سىياسەتنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا نىسبەتەن قابىلىيىتىگە يېتەرلىك دەرىجىدە باھا بەرمەيۋاتىدۇ. ئەندى بۇ بولسا ناھايىتى مۇھىمدۇر. شەرقنىڭ: «ھالۋا، ھالۋا» دەپ قانچە ۋاقىرىمىغىن، ئاغزىڭدا تاتلىق بولمايدۇ»... دېگەن قەدىمىي تەمسىلى بار. ئەندى م د ھ ئاممىۋى ئەخبارات ۋاستىلىرىمۇ خۇددى شۇنداق: «تالىپلار ئۇستىدىن غالىبىيەت قازىنىلدى، غالىبىيەت...» دەپ جار سالماقتا.

مارات دانىي.
ئالمۇتا.
(«ۋرېميە پو گرىنۋىچۇ» گېزىتىدىن)

خىتايدا ئوغرىلار باش - باشتاقلىق قىلماقتا؛ ئاددىي خىتايلار پولات ئىشكلەرنى، ئەندى بانكىرلار بولسا برونېۋىكلارنى سېتىۋالماقتا

بېيجىندا پولىتسىيە رېكلاما - تەرغىبات ئويۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرماقتا. ۋوكزال يېنىدىكى مەيدانغا يانچۇقچى ئوغرىلار، باندىتلار، پاھىشىۋازلار ۋە باشقا ھەر خىل جىنايەتچىلەر ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا كويىزلار، مەيدىلىرىدە قىلغان جىنايىتى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازا توغرىلىق يېزىلغان تاختىلار ئېسىلغان بولۇپ، قاتار تۇرغۇزۇلۇپ ژىغىلغانلارغا نامايىش قىلىنىدۇ.

مۇنداق چارە - تەدبىرلەر ئادەملەرنى جىنايەتچىلەرگە نىسبەتەن غەزەپلەندۇرگەن ۋە ھەر قانداق جىنايەتنىڭ چوقۇم جازالىنىدىغانلىغى ھېسسىياتىغا ئېلىپ كەلگەن ھالدا چوڭ مۇۋاپىقىيەت بىلەن ئوتىدۇ. پولىتسىيە تەرغىبات ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرى مېگافونلار ئارقىلىق ھەددىدىن ئاشقان ئوغرىلار بىلەن بۇلاڭچىلارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن قانداق ئايرىم شەخسىي ئېھتىيات چارىلىرىنى كورۇش توغرىلىق سوزلەپ، شەھەرلىكلەرنى ھوشيار بولۇشقا چاقىرىدۇ. چوڭ پىلاكاتتا تېلېفونلارنىڭ نومېرلىرى يېزىلغان بولۇپ، جامائەتچىلىك ئورۇنلىرىدا بايقالغان گۇمانلىق شەخسلەر توغرىلىق ئەينە شۇ تېلېفونلارغا خەۋەر قىلىش كېرەكلىكى ئۇقتۇرۇلغان.

بېيجىنلىقلار ئۆز ۋېلوسىپېدلىرىنى خالىغان جايغا قويىدىغان ۋاقىتلار ئاللىقاچان كەتكەن. ئاۋتوماشىنىلارنى ئوغرىلاپ كېتىش، كۋارتىرلارنى بۇلاپ - تالاش، قاراڭغۇ كېچىدە باندىتلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشى كىشىلەرنى شەخسىي بىخەتەرلىك ۋە مۈلكىنى قوغداش ۋاستىلىرىنى سېتىۋېلىشقا ئۇرغۇن پۇل خەجلەشكە مەجبۇرلىماقتا. ماشىنىلارنى ئوغرىلاشقا قارشى قۇرۇلمىلار ۋە مۇرەككەپ قۇلۇپلىرى بار پولات ئىشكلەر بازارلاردىكى ئەڭ چاپسان ئوتىدىغان توۋارلارغا ئايلاندى.

بېيجىنلىقلار ۋە باشقا چوڭ شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى قوراللىق بۇلاڭچىلىق ۋە زورلۇق - زومبىلىق جىنايەتلىرىنىڭ بارغانسېرى ئوسۇۋاتقانلىغىدىن تەشۋىشلەنمەكتە. جىنايەتچىلەر ھەددىدىن ئېشىپ، ھاللىق ئادەملەرنىڭ ئويلىرىگە پىچاقلار ۋە پالتىلار بىلەن بېسىپ كىرمەكتە. سوتسىيالىستىك خىتايدا ئىلگىرى مۇنداق ئەھۋاللار بولغان ئەمەس ئىدى. ئېكسپېرتلار جىنايەتچىلىكنىڭ يېڭى دولقۇنىنىڭ ئاساسىي مەنبەسىنى نامرات ئولكىلەردىن كەلگەن پەسىللىك ئىشچىلارنىڭ شەھەرلەردە قالغان قىسمى تەشكىل قىلىدۇ دەپ ھېساپلايدۇ.

بايلار بىلەن نامراتلارغا بولۇنۇش، يەنى باي، ھاللىق ئائىلىلەر ئاساسىي ئەمگەكچىلەر ئاممىسىدىن خېلىلا پەرقلىنىدىغانلىغى بايقىلىۋاتقاندا ۋە ئۇرغۇن ئاخچا رېسۇرسلىرىنىڭ بىر جايدا ياكى بىر شەخسنىڭ قولىدا توپلىنىشى جىنائىي گۇرۇھلارنىڭ ئاكتىپلىغىنى كەسكىن ئويغىتىۋەتتى. يېقىندا بېيجىندا بىر ژىلدىن ئوشۇق ۋاقىتتىن بۇيان خىتاي بانكىلىرىنىڭ پايتەختتىكى بولۇملىرىگە دەھشەت سېلىپ كەلگەن بۇلاڭچى باندىتلارنىڭ باشلىقلىرى ئېتىلدى. ئۇلار ئاپتوماتچىلارنى ۋە ئاۋتوماتىك قۇراللارنى ئىشقا سالغان ھالدا ئۈچ قېتىم ئىنكاساتورلارغا ھۇجۇم قىلغان. پولىتسىيە ئۇلارنى قولغا ئېلىشنىڭ پەۋقۇلاددە پىلانىنى ئىشقا سالغانلىغىغا قارىماي، باندىتلارغا ھەر دايىم مىشكاپلاپ پۇللار بىلەن يوشۇرۇنۇشقا مۇمكىن بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇلاپ - تالىغان ئاخچىسى 400 مىڭ دوللارغا يېقىن مەبلەغنى تەشكىل قىلدى.

باندىتلار تورتىنچى قېتىم «ئوۋغا» چىقىقاندا قولغا ئېلىندى. شىددەتلىك ئوق ئېتىشىش نەتىجىسىدە باندىتنىڭ باشلىغى - خەيلۇڭجاڭ ئولكىسىدىكى تۈرمىدىن قاچقان مەھبۇس ئولتۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن سەپداشلىرى خەلق ئالدىدا ئېتىلدى، ئەندى باندىتنىڭ باشقا ئەزالىرى بولسا ھەر خىل مۇددەتلىك تۈرمە جازاسىغا ھوكۇم قىلىندى.

ئالېكساندر پلاتكوۋسكىي،
«ئىزۋېستىيە»،
بېيجىن.

كاۋكاز كونفېدېراتسىيەسى پارتىيەسىنىڭ تەسىس قۇرۇلتىيى

يېقىندا گروزنىي شەھىرىدە كاۋكاز كونفېدېراتسىيەسى پارتىيەسىنىڭ تەسىس قۇرۇلتىيى بولۇپ ئوتتى. چېچەنىستاننىڭ سابىق پرېزىدېنتى زېلىمخان يانداربىيېۋ مەزكۇر ھەرىكەتنىڭ لىدېرى ۋە قۇرۇلتاينى ئۇيۇشتۇرغۇچى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ جۇمھۇرىيەتتە رويخەتتىن ئوتكەن 53 - پارتىيەدۇر.

قۇرۇلتاينىڭ ئىشىغا چېچەنىستاننىڭ ۋىتسې پرېزىدېنتى ۋاخا ئارسانوۋ، ۋىتسې - پرېمىيېرلار ئاخمېد زاكايېۋ، ئىسلام خالىموۋ ئىشتىراك قىلدى، قۇرۇلتايغا شۇنداقلا شىمالىي كاۋكاز ۋە زاكاۋكازىيەنىڭ باشقا رېگىونلىرىدىنمۇ مېھمانلار تەكلىپ قىلىندى. قۇرۇلتاي «كاۋكازنى روسسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ زۇلۇمىدىن ئازات قىلىپ، كاۋكاز يېرىدە مۇستەقىل دولەتلەر ئىتتىپاقىنى قۇرۇشنى» ئۆزىنىڭ مەخسىتى قىلىپ قويغان.

قۇرۇلتاي تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان قاراردا، «ئىمپېرىيە دەۋرى ئوتۇپ كەتتى، لېكىن كاۋكاز ئەڭ ياۋۇز، ئەڭ مەككار ۋە ئىنسانلارغا قارشى تۇزۇمنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا تۇرماقتا»، - دېيىلىدۇ. قوبۇل قىلىنغان ھوججەتتە روسسىيەدىن «كاۋكاز تەۋەسىدىن ئۆز ئەسكەرلىرىنى ھېچ قانداق ئالدىن - ئالا قويۇلىدىغان شەرتسىز ئېلىپ كېتىش» تەلەپ قىلىنىدۇ.

قۇرۇلتاي ئىشتىراكچىلىرى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە «روسسىيەنى ژىنىم قالدۇرۇش ئۈچۈن چارە كورۇش» مۇراجىتى بىلەن ئىلتىماس قىلدى. ئۇلار كاۋكاز خەلقلىرىنى ئىچكېرىيەنى ھىمايە قىلىشقا، شۇنداقلا قۇرۇلتاينىڭ روسسىيە رەھبەرلىكىگە نىسبەتەن «كاۋكازدىكى ئون مىڭلىغان تىنچ ئاھالىنى قىرغىن قىلىشقا ئەيىپلىك بولغان بارلىق جىنايەتچىلەرنى تۇتۇپ بېرىش» تەلىۋىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەشكە چاقىردى. ژىغىلغانلار چېچەنىستان رەھبەرلىكىدىن «روسسىيە بىلەن بولىدىغان مۇزاكىرىلەردە مۇرەسسەسىز ۋە قاتتىق مەۋقەدە تۇرۇشنى» تەلەپ قىلدى.

سوزگە چىققانلار پرېزىدېنت ئاسلان ماسخادوۋنىڭ كادىر تالاش سىياسىتىنى قاتتىق تەنقىتلىدى، ئۇنى ئەتراپىغا «باسقۇنچى ھوكۇمەت بىلەن ھەمكارلاشقان شەخسلەرنى» توپلاۋالغانلىقىدا ئەيىپلىدى.

كومېتا تېپسايېۋ،
گروزنىي.
(«رېنا نوۋوستى»)

قازاق دالاسى ئاسمىنىدا يانغان بىر يۇلتۇز



ھەر بىر خەلقنىڭ ئارىسىدىن چىققان بۈيۈك نامايەندىلەر ئۇز خەلقىنىڭ مەنپىيىتى ۋە ئىستىقبالى ئۈچۈن سىڭگەرگەن ئەمگەك ئەجرى، ئېقىدىسى ئارقىلىق ئەۋلادلىرى قەلبىدە ئۇزلىرىگە مەڭگۈلۈك ھەيكەل ئورنىتىپ كېتىدۇ. بۇ يىل دۇنياۋىي مىقياستا 100 يىللىق تەۋەللۇدى نىشانلىنىش ئالدىدا تۇرغان قازاق خەلقىنىڭ ئۇلۇق يازغۇچىسى مۇختەر ئومارقان ئوغلى ئەۋېزوۋ ئەنە شۇنداق يارقىن سىمالارنىڭ بىرىدۇر. تەبىئەت ئۇنىڭ جىسمىغا ئاتا قىلغان تالانت ۋە سوغۇلماس ئىختىدار ئۇز خەلقىگە بولغان سۆيگۈ – مېھرى بىلەن چىگىلگەنلىك ۋەجىدىن ئۇ پۈتكۈل ئاڭلىق ھاياتىنى خەلقىنىڭ بەختلىك كېلەچىكى، ئىستىقبالى يولىدا خىزمەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى.

ھازىرقى شەمەي ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئاباي ئاۋۇلىدا 1897 – يىلى 28 – سېنتەبىردە دۇنياغا كەلگەن كەلگۈسى يازغۇچىنىڭ بالىلىق، ياشلىق چاغلىرى قازاق دالاسىنى فېئوداللىق تۈزۈم خاراكتېرىغا خاس تەكىسىزلىك، نامراتلىق، قاشقاقلىق ئېگىلەپ تۇرغان دەۋردە ئۆتتى. ئاباي شۇ ئادالەتسىزلىك، نادانلىققا:

ژۈرىگىمنىڭ تېگىگە چوڭقۇر بويلا،
مەن بىر سىرلىق ئادەممەن شۇنىمۇ ئويلا.
رىقابەتلىك، تەشۋىشلىك زاماندا ئوستۇم،
مىڭى بىلەن ئېلىشتىم گۇنا قويما.

دەپ زارلىنىپ ئۆتكەن شۇ تۇرمۇش تەرىزى سىرىنىڭ تېگى – تەكتىگە يېتىش ئىستىكى ياش مۇختەرنىڭ زېھنىنى ئويغىتىپ، ھاياتى ئۇقۇمىنىڭ مۇقۇملىشىشىغا تۇرتكە بولغان ئىدى. شۇندىلا ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى ھارپىسىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىدىيولوگىيەلىك كۈرەش جەريانى ئۇنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي كوز قارىشىنىڭ تەكەممۇللىشىشىغا ئېلىپ كەلدى.

خەلقنى ئەنە شۇ قالاق ھايات چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇش، ئۇلارنى ئىلىم – مەرىپەت، تەرەققىيات يولىغا دەۋەت قىلىش يۈزىسىدىن ئۇ دەسلەپ ئاۋۇل مولدىلىرىدا ئوقۇپ، خەت – ساۋاتىنى چىقارغان مەزگىللىرىدىلا بىر نەچچە ماقالىلىرىنى يېزىپ، 1917 – يىلدىن چىقىشقا باشلىغان «ئاباي» ژۇرنالىدا ئېلان قىلدۇ. مەزكۇر ژۇرنالنى چىقىرىش تەشەببۇسكارلىرىنىڭ بىرىمۇ، ئۇنىڭدا دەسلەپكىلەردىن بولۇپ ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىشقا باشلىغانىمۇ م. ئەۋېزوۋ بولغان. بۇ ژۇرنالدا بېسىلغان «قازاق ئىچىدىكى پارتىيەلەر ئېمىلىكتىن» (ھەر خىل تەرەپپازلار دېمەكچى. س. ئى.)، «مەدەنىيەت ۋە مىللەت»، «ئىلىم» ۋە باشقىمۇ ماقالىلىرى ئۇنىڭ نامىنى شۇ يىللاردىلا كەڭ ئاممىغا تونۇتقان ئىدى. بۇنىڭدىن 80 يىل ئىلگىرى يېزىلغان «قازاق ئىچىدىكى پارتىيەلەر ئېمىلىكتىن» دېگەن ماقالىسىدىكى ئالغا سۈرۈلگەن پىكىرلەر كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەر، جەمىيەتنى باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىشتىكى ئاقىلانە كورسەتمىلەر مەسىلىسى ھېلىغىچە ئۇز قىممىتىنى يوقاتماي كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىكى «ئادالەتلىك يوق يەردە ئوغرىلىق، زورلۇق كوپىيىدۇ. كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارغا نىسبەتەن تەكەستەمەسلىك، زەھەرخەندىلىك بىلەن قارىشى ئوغۇلىدۇ. بۇ ھالەتلەر خەلق ئىچىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئۇمۇمىي ئەلنىڭ غەزۋىنى ئويغىتىدۇ. ئۇنىڭغا ھاكىمدارلارنىڭ مەنمەنلىك، پارىخورلۇق خىسلەتلىرى ئۇلاشقىنىدا ئۇلارنىڭ خوشامەتچىلىرى، يالاقچى، سۇخانچىلىرى پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدە رىقابەتچىلىكنى ئوغدۇردىغان ئىككىنچى بىر تۈزۈم بولگۈنچىلىرىنىڭ كېلىپ چىقماسلىقىغا ھېچ كىم كاپالەتلىك بېرەلمەيدۇ» دېگەن پىكىرلىرىنى ئۇقۇغىنىمىزدا، مۇختەر ئەۋېزوۋنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر ئەللامىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسەرىدە دۆلەتنى باشقۇرۇش ھەققىدىكى ئېيتقان دانا پىكىرلىرىگە بىر ئۇتاش مەنادا ناھايىتى يېقىن ياندىشقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. دېمەك، ياشىغان دەۋرلىرى بىر نەچچە ئەسىرلەر پەرق قىلسىمۇ، ئەقلدارلارنىڭ ئېيتقان تەلىملىرىنىڭ بىر – بىرسىنى تولۇقلايدىغانلىقىنى موشۇ بىر مىسالدىن كورۇشكە بولىدۇ. م. ئەۋېزوۋنىڭ بۇ ماقالىسىدا دۆلەتنى باشقۇرغۇچى كىشىنىڭ ئادىل، ئۇز ئۇستىدىكى جاۋابكارلىقنى چوڭقۇر ھېس قىلىدىغان، بىلىم – قابىلىيەت، پەم – پاراسىتى ئۇستۈن بولۇشى ھەم پۇخرالىرىنىڭ تەغدىرىگە كويۇنۇپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنى ھىمايە قىلغان ھالدا ئىش بىلەن تەمىنلەش، ئەمگىكىنى باھالاشنى بىلىشى كېرەكلىكى قەيت قىلىنىدۇ. كامالەت يېشىغا ئەندىلا تولغان م. ئەۋېزوۋنىڭ مۇنداق ھاياتىي ئەھمىيەتلىك، فىلاسوفىيەلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۇنىڭ دانالغىدىن شۇندىلا دېرەك بەرگەن ئىدى.

مەشھۇر يازغۇچىنىڭ 1922 – يىلى تاشكەنت شەھىرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا چۈشۈپ ئۇنى تاماملاپ چىقىشى، ئۇنىڭدىن كېيىن لېنىنگراد دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەھسىل كورۇشى ئۇنىڭ بىلىم – سەۋىيەسىنىڭ يۈكسىلىشىگە، ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ جوشقۇن تۈس ئېلىشىغا ئاساس ياراتتى. بۇ يىللاردا ئۇنىڭ «بەيبىشى توقال»، «ئېڭلىك كېبېك» ۋە باشقىمۇ درامىلىرى قازاق سەھنىلىرىدە قويۇلۇشقا باشلىغان ئىدى.

خەلقىنىڭ ئارزۇ – ئارمانلىرى، پارلاق كېلەچىكىنى، مۇستەقىللىقىنى كوزلىگەن شۇ دەۋردىكى «ئالاش» پارتىيەسىنىڭ تەشكىلاتچىلىرى، قازاق خەلقىنىڭ دەسلەپكى ئاڭلىق زىيالىيلىرىدىن بولغان ئۇستازلىرى، ئە. بوكېيخانوۋ، ئا. بايتۇرسۇنوۋ، م. دۇۋلاتوۋ، م. جۇمابايېۋ ۋە باشقىلارنىڭ كۆرەش ئىدىيەسىگە ھەمنەپەس بولغان م. ئەۋېزوۋنىڭ پائالىيىتى ھاكىم مۇتلەق تۈزۈمگە ئاساسلانغان كوممۇنىستىك ئىدىيە ئېيتقاتچىلىرىغا ياقمىغانلىقى ئۈچۈن 1930 – يىلىنىڭ ئوزىدىلا «ئالاش ئوردىچى»، «مىللەتچى»، «ئەكسىلئىنقىلابچى» تالپاقلىرى كىيگۈزۈلۈپ، قاماققا ئېلىنىدۇ. ئۇ يەردىكى ئېغىر قىيناشلار بىلەن ئوتكەن ئۈچ يىللىق ھاياتىدا ئۇ ئوز كوڭلىگە پۈككەن ئارمانلىرىغا يېتەلمەي ھالاك بولۇپ كېتىش خوۋپىنى كوز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، دۈشمەن بىلەن مۇرەسسەگە كېلىپ بولسىمۇ، قانداقلا بولمىسۇن بىر يول تېپىپ، بۇ ئولۇم تۇرىدىن بوشىنىپ چىقىپ، خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. شۇ مەقسەتتە يېزىلغان ئۇنىڭ «كەچۈرۈم سوراش» خېتى بىر مەزگىلدە «ئەۋېزوۋ ئوغلى مۇختەرنىڭ خېتى» نامى بىلەن «سوتسىئالىستىك قازاقستان»، «كازاخستانسكايا پراۋدا» گېزىتلىرىدا بېسىلدى. شۇندا بۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يېتەلمىگەن بەزى كىشىلەر بۇنى مۇختەرنىڭ ئىدىيەسىزلىكى دەپ باھالاپ، ئۇنىڭغا تەنە – تاپا قىلىشقان ئىدى. لېكىن م. ئەۋېزوۋنىڭ [illegible] تېگىگە ئۇلار يەتمىدى.

ھەقىقەتەنمۇ ئۇز كۆڭلىگە پۈككىنىدەك، م. ئەۋېزوۋ [illegible] «ئاباي» يولى» ئېپوپېيەسىنى يېزىپ چىقتى.

[illegible]

ئەسەرنىڭ قىممىتى شۇنىڭدىكى، يازغۇچى ئۇنىڭدا 19 – ئەسىردىكى قازاق دالاسىنىڭ ھايات كۆرۈنۈشلىرىنى رىيالىزم پرىنسىپلىرى ئاساسىدا [illegible]

[illegible] ئىنتىپاقىدىكى ئەڭ ئۈلگىلىك ئەسەرلەرنىڭ بىرى دەپ ئىخرار قىلىنىپ، م. ئەۋېزوۋقا لېنىن مۇكاپاتىنىڭ لائۇرېياتى ئاتىغى بېرىلدى. يازغۇچىنىڭ «كوك سېرىك»، «قىپلى زامان»، «قارالى سۇلۇۋ» ھېكايىلىرى ئاساسىدا سەھنە ئەسەرلىرى قويۇلۇپ، كىنوفىلىملار چۈشۈرۈلدى. ھاياتنىڭ نازۇك قىر – سىرلىرىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلەشنى بىلىدىغان ماھىر سوز سەنئەتكارى م. ئەۋېزوۋنىڭ تالانت – قابىلىيىتىنى ژۇقۇرى باھالىغان، ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى مۇرات ھەمرايېۋ يازغۇچىنىڭ «كىم ئەيىپلىك»، «ژېتىم» ناملىق ھېكايىلىرىنى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، 1984 – يىلى ئالمۇتىدىكى «جالىن» نەشرىياتىدىن چىققان «مۇختەر ئەۋېزوۋنىڭ ھېكايە، پوۋېستلىرى» توپلىمىغا كىرگۈزگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قېدىمىي داڭدار مەدەنىيىتى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ژۇقۇرى باھالايدىغان م. ئەۋېزوۋ ئۇنىڭ دولەت ئەربابلىرى، ئەدىبلىرى، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، ھېزىم ئىسكەندەروۋ، زىيا سەمەدىي، قادىر ھاسانوۋ، ھېزمەت ئابدۇللىن، ۋە باشقىلار بىلەن سەمىمىي دىلكەشلىك مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىپ كەلگەن.

خەلقىنىڭ مەنىۋىي مەدەنىيىتىنى يېتىلدۇرۇش، ئۇنىڭ فولكلورلۇق ئىجادىي مىراسىنى تەتقىق قىلىش تۇرغىسىدىن يازغان بىر نەچچە ئىلمىي ماقالىلىرىدىكى فىلاسوفيەلىك ئوي – تۇيغۇلىرى م. ئەۋېزوۋ نامىنى پەقەت مەشھۇر يازغۇچى سۈپىتىدىلا ئەمەس، چوڭ پۇبلىسىست ئالىم رېتىدە تونۇتتى. ئۇ «قازاق خەلقىنىڭ ئېپوسى ۋە فولكلورى» ناملىق ماقالىسىدا «بەخت ئىزدەپ ئەسىرلەر بويى چول – جەزىرىنى كېزىپ ژۈرگەن پەرىشان يولۇچى سۇپەتلىك قازاق خەلقى بىزگە ئارخىتېكتورا ۋە مېمارچىلىق، رەسساملىق سەنئىتىنىڭ يادىكارلىقلىرىنى قالدۇرۇپ كېتەلمىدى. بىراق، ئۇ بىزگە ئەڭ قىممەتلىك مىراس – جىر مىراسىنى قالدۇردى. جىرچى خەلق، ئاقىن خەلق قېدىمىي زامانلاردىن باشلاپ تەبىەت ئاتا قىلغان ئاقىنلىق، ھەزىلكەشلىك ماھارىتى بىلەن ئۇزلىرىنىڭ مەنىۋىي دۇنياسىنى ئۇنتۇلماس داستانلىرىدا، ئېپوسلىرىدا قالدۇردى دەپ يازغان». م. ئەۋېزوۋ بۇ ماقالىسىدا ئوز خەلقىنىڭ ئوتمۇش تەغدىرىگە سويگۈ ئىخلاسى بىلەن ياندىشىقان ھالدا ھەققىي باھاسىنى بېرىدۇ.

قازاقستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى نامىنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان مەشھۇر يازغۇچى بۇخىل ئىلمىي ئەمگەكلىرى، ئىجادىيىتى بىلەن قازاقستان ئىلىم – پەنى خادىملىرىنىڭ، يازغۇچى – شائىرلىرىنىڭ ئۈلگىلىك ئۇستازىغا ۋە كوچ باشلامچىسىغا ئايلانغان. ئۇنىڭ 1958 – يىلى نەشر قىلىنغان «قازاق ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى» ناملىق ئەمگىكى ئۇمۇمىي ئەدەبىيات تارىخىنىڭ بېسىپ ئوتكەن يولىنى تەتقىق قىلغان چوڭ ئىلمىي ئەسەر قاتارىدا باھالىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

قازاق تىياتىر سەنئىتىنىڭ، دراماتورگىيەسىنىڭ مەيدانىغا كېلىشى، ئۇنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىيات پەللىسى م. ئەۋېزوۋنىڭ نامى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىشلىق. تىخى كەسپىي تىياتىر سەنئىتى شەكىللەنمىگەن 20 – يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىلا ئۇ سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىپ، خەلق ئارىسىدىن يېتىلىپ چىققان ھەۋەسكار ئارتىستلار ئارقىلىق كىشىلەرگە كورسىتىپ كەلگەن ئىدى. شۇنىڭدىن بېرىقى يىللاردا ھازىر م. ئەۋېزوۋ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان كەسپىي تىياتىر سەھنىسىدە قويۇلۇپ كېلىۋاتقان ئۇنىڭ كوپلىگەن ئەسەرلىرى تىياتىر تاماشىبىنلىرىنىڭ سويۇپ كورىدىغان دراملىرىغا ئايلاندى.

خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىدا ئوزىنىڭ بارلىق كۈچ – قۇۋۋىتىنى سەرىپ قىلىپ ئوتكەن ئۇلۇق يازغۇچىنىڭ نامى بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ دىلىدا پەخىرلىنىش بىلەن يادلىنىدۇ. ئۇنىڭ يارقىن سىماسى قازاق دالاسى ئاسمىنىدا مەڭگۈ ئوچمەس يورۇق يۇلتۇز مىسالى يېنىپ تۇرىدىغان بولىدۇ.

ساۋۇت ئىسكەندەرىي.

بۈگۈنكى ھايات كورۈنۈشلىرى

ئاۋتوبۇستىكى پاراڭلار

ئەتىگەندە ئىشقا ماڭغاندا ۋە ئىشتىن ئويگە قايتقاندا بىر مارشرۇتتىكى ئاۋتوبۇستا كوپىنچە ۋاقىتتا بىللە بولىدىغان بۇ ئاددىي ئادەملەر بىر – بىرىگە قەدىناس كونا تونۇشلاردەك يېقىن بولۇپ كېتىدىكەن. ھە، بۇ «قەدىناسلارنى» نېمە بىرلەشتۇرىدۇ، ئۇلار نېمە توغرىلىق پاراڭلىشىدۇ؟. ئۇلارنى ھازىرقى ھاياتتىكى سەلبىي ھادىسىلەرگە بولغان نەپرەت غەزەپلەندۇرىدۇ، ئادەملەر ئارىسىدىكى پاراڭ كوپىنچە ئەنە شۇ ھەقتە بولىدۇ.

– قاچانغىچە باھالار ئوسىدىكەن؟ بۇ قانداق كەپ، «بوزەكنى بوزەك قىلمىسا ئۇ دۇنيادا سورىغى بار» دېگەنىدەك. ئاددىي خەلقنىڭ مەنپىيەتلىرىنى مۇنداقمۇ ئاياق ئاستى قىلغان بارمۇ، كۋارتىرا ئىجارە ھەققى، ئىسسىقلىق، ئىسسىق سۇ ۋە باشقا خىزمەتلەر ھەققى يەنە ئورلەپ كەتتى، ژۇقۇرىدىكىلەر نېمە ئويلايدىكىن، ئەندى يەنىلا تەمىناتى ناچار ئائىلىلەر قىينىلىدىغان بولدى، – دېدى غەزەپلەنگەنلىكىدىن يۈزى قىزىرىپ، قوللىرى تىترەپ كەتكەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم.

– بىز توغرىلىق قايغۇرىۋاتقان كىم دەيسەن، ئەشۇ ژۇقۇرىدىكى ئەمەلدارلار ھازىرقى باھالار ۋە ئايلىق مائاشىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ نېمىگە يېتىدىغانلىقىنى ھېساپلاپ كورسە ئىدى. – دەپ سوزگە ئارىلاشتى يەنە بىر ئادەم.

– مەن ئىككى يېرىم مىڭ تەڭگە مائاش ئالىمەن. ئۇنىمۇ ئوز ۋاقتىدا بەرمەيدۇ. ھازىرقى بۇ قىممەتچىلىك زاماندا بۇ مائاشىمنى نېمىگە خەشلەشنىمۇ بىلمەيمەن. بىر بالام بىلەن تۇرىمەن. يېقىندا مائاش ئالدىم. ئەگەر كۋارتىرا ئىجارە ھەققىنى تولىسەم، ئۇ چاغدا باللار باغچىسىغا ۋە بىر ئايلىق ئوزۇق – تۈلۈككە بىر تىيىنمۇ قالمايدىكەن. نېمە قىلارىمنىمۇ بىلمەي بېشىم قېتىپ قالدى، – دېدى بىر ئايال.

– ھە، بۇ قانداق زامان، بۇ خۇددى بىر بۇلاڭچىلىققا ئوخشايدۇ. باشقىچە ئېيتىش مۇمكىن ئەمەس، مەن قىرىق يىلغا يېقىن قۇرۇلۇشتا ئىشلەپ، سالامەتلىكىمدىن ئايرىلىپ، ئەندى ھازىر بولسا 2700 تەڭگە پېنسىيە ئالىمەن. دورىلارنىڭ قىممەتلىكىچۇ تېخى، – دەپ ئۇزۇم تارتىپ سوزگە قوشۇلدى ھاسا تاياقلىق بىر موماي. – بىز پارلاق كېلەچەكتە ياشايمىز، ھېچ نېمىدىن غېمىمىز بولمايدۇ دەپ زەربىدارلارچە ئەمگەك قىلىپ، ياشلىق ھاياتىمىزنىڭ ئەڭ گوزەل دەۋرىنى ئەنە شۇنداق ئوتكەزگەن ئېدۇق. ئەندى بولسا قېرىغاندا، بىز ھېچ كىمگە كېرەك ئەمەس بولۇپ قالدۇق...

مەن ئاۋتوبۇستا ئادەملەرنىڭ ھاياجانلىق، بەزىدە غەزەپلىك ۋە بەزىدە غەمكىن ھالدا ئېيتىۋاتقان مۇڭ – زارىنى ئاڭلاپ، ھازىرقى ھاياتىمىزنىڭ مۇنداق ئاچچىق ھەقىقىتى ئۈچۈن خۇددى مەنمۇ ئەيىپلىكتەك كوڭلۇم غەش بولۇپ، چوڭقۇر ئويغا پاتتىم.

بىرلىرى ھازىرقى چۈشىنىش تەس بولغان قالايمىقان زامانغا ماسلىشىپ، كەسىپىنى ئوزگەرتىپ، ھاياتتىن ئوز ئورنىنى تېپىشقا ئورۇنماقتا، ھەتتا ئىشلىرى ژۈرۈشۈپ، خېلە ئوتتۇقلارنىمۇ قولغا كەلتۈرۈپ ئۈلگەردى. ئەندى يەنە بىرلىرى بولسا ئوزىنىڭ سويۈملۈك ئىشىدىن ئايرىلىپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھايات كەچۈرۈشىنىڭ ماھىيىتىنىمۇ يوقاتقاندەك، بېشى ساڭگىلاپ، ئامالسىزلىقتىن بىر پارچە نان ئۈچۈن ھەر قانداق ئىش قىلىشقا رازى بولماقتا. لېكىن ئىش تېپىش بەسى مۈشكۈل، ناھايىتى ئازغىنا ئادەملەرلا ئىش بىلەن تەمىنلەش مەھكىمىسىنىڭ يوللانمىسىنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولىدۇ.

ئىلگەركى سوتسىيالىزم دەۋرىدە ئىشسىزلىق كاپىتالىزم ئىللەتلىرىنىڭ بىرى دەپ مازاق قىلىناتتى. مانا ئەندى بۇ ئەھۋال ئوزىمىزنىڭ بېشىغا كەلدى. تەپسە تومۇر ئۈزىدىغان ژىگىتلەر ئىشسىز لەلەگىشىپ ژۈرمەكتە.

بىز ئەگەر ستاتىستىكا مەلۇماتلىرىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئاساسىي ئوزۇق – تۈلۈك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئەڭ ئاز مىقدارىدىن ھېساپلانغان بىر ئادەمنىڭ بىر ئايلىق خىراجىتى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 3600 تەڭگىنى تەشكىل قىلىدىكەن. خوش، ئەندى كىرىملەر قانداق؟ يەنە شۇ ھوكۈمەتنىڭ بەرگەن ستاتىستىكا مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، مەسىلەن، ئىختىسسات ساھاسىدا بەنت بولۇۋاتقانلارنىڭ ئوتتۇرا ھېساپتىكى ئەمگەك ھەققى سەككىز مىڭ تەڭگىدىن ئېشىپ كېتىدىكەن. ئەندى مالىيە سېكتورى خادىملىرىنىڭ مائاشى بولسا – جۇمھۇرىيەتتىكى ئوتتۇرا ھېساپتىكىدىن ئىككى ھەسسە ئوشۇق. مۇنداق كوپ مائاش ئالىدىغانلارغا قاراپ، ھاياتىمىز ھەقىقەتەنمۇ يامان ئەمەس، ياخشىلىنىش تەرىپىگە قەدەم تاشلىماقتا دەپ ئويلايسەن... بۇنىڭدىنمۇ ئۇرغۇن كىرىم قىلىدىغانلار بار، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇنداقلار ئاۋتوبۇس، تروللېيبۇسلاردا ژۇرمەيدۇ. جەمىيەت ترانسپورتىدىن ئاساسىي جەھەتتىن ئاھالىنىڭ تەمىناتى توۋەن قاتلاملىرى پايدىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئارزۇسى – مائاشنى بىر ئامال قىلىپ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت، خالاس.

ھە، بۇ دۇنيادا بىز ھەر بىر ئادەم پەقەت ئوزىگە ئوزىلا ياردەم قىلىدىغان، ئوزگىلەردىن ھېچ نەرسە كۈتۈشكىمۇ بولمايدىغان بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. لېكىن «ئۈمۈتسىز شەيتان» دېگەندەك، ئەلۋەتتە، يەنىلا كېلەچەككە ئۈمۈت بىلەن قارايمىز.

يادىكار سابىتىي.

مەتبۇئاتىمىز تارىخىدىن

ياشلىغىمنىلا ئەمەس، ئۆتمۈشنىمۇ ئەسلەيمەن

ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە غالىبىيەت قازانغان مىللىي ئازاتلىق ئىنقىلاۋى ھەرىكىتىنىڭ ئۇچقۇنلىرى يالقۇنغا ئايلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بارلىق جايلىرىغا يېيىلىشقا باشلىدى. بۇ باسقۇنچىلار زۇلۇمىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان مىللىي ئازاتلىق كۈرىشى ئىدى.

20 ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى بۇ چوڭ تارىخىي ۋاقىئە ئۆز ۋاقتىدا شۇ دىياردا ياشىغۇچى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئۆز تەسىرىنى يەتكۈزدى. يېشىم يەتمىشكە يېتىپ، ئۇيغۇر تىلىدا نەشىر قىلىنغان گېزىتلارنىڭ تەھرىراتىدا ئىشلىگىنىمگە ئەللىك يىل تولغان بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتنىڭ شەخسەن مېنىڭ ھاياتىمدا ۋە مېنىڭ كېلەچەك تەغدىرىمنىڭ بەلگۈلىنىشىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتقانلىغىنى چوڭ قانائەتلىنىش تۇيغۇلىرىم بىلەن ھېس قىلماقتىمەن. مېنى ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتىنىڭ ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان، تارىختا ئالمىلىق، ئىلى بالىق شەھەرلىرى بىلەن داڭقى چىققان يۇرتتا، مەشھۇر شائىر بىلال نازىم، ۋەتەنپەرۋەر تارىخچى نەزەر غوجا ئابدۇسەمەتوۋلار ياشىغان ماكان — گۈزەل ئىلىغا كېلىپ، ئۇ يەردىن نەپ ئېلىشقا مۇيەسسەر قىلغانمۇ ئەينە شۇ ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتنىڭ شاپائىتى ئىدى.

1946 — 1947 — يىللاردا بىز ئوقۇۋاتقان ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مۇئەللىملەرنى يېتىشتۈرۈش بىلىم يۇرتىدىمۇ (پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى) گومىنداڭچى خىتاي ھوكۇمىتىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ستۇدېنتلارنىڭ مەخپىي تەشكىلاتلىرى موجۇت ئىدى. مەنمۇ مەزكۇر تەشكىلاتلارنىڭ ئىشىدىن چەتتە قالمىدىم — تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى شەھەر كوچىلىرىدا چاپلاش، تارقىتىشقا ياردەملەشتىم. ئۇ چاغدا ئۈرۈمچى كوچىلىرىنى قۇراللىق ساقچىلار، ھەربىي كۆزەتچىلەر كېچە-كۈندۈز قاتتىق تەكشۈرۈپ تۇراتتى. ياشلىق ئوتىنىڭ ھارارىتى، زۇلۇمغا بولغان نەپرەت باشقىلار قاتارىدا مېنىمۇ قورقۇنچتىن يىراق قىلغان ئىدى.

گومىنداڭچى خىتاي ھوكۇمران دائىرىلىرى بىلەن ھەربىيلىرىنىڭ 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۇنى بۇزۇشقا ئۇرۇنغان ھەرىكەتلىرىگە قارشى 1947 — يىلى 21 — فېۋرال كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە چوڭ نامايىش بولدى. مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ ياڭخاڭ كۆۋرۈكىدىن شەھەر سېپىلى ئىچىگە قاراپ ماڭغان كۈچلۈك دولقۇنىغا ھېچ نەرسە توسالغۇ بولالمىدى. مەن ئۆز ھاياتىمدا زۇلۇمغا قارشى غەزەپ دولقۇنىنىڭ كۈچ — قۇۋۋىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، نامايىشچىلار قاتارىغا كىردىم. نەپرەت ۋە ئىشەنچ تۇيغۇلىرى بىلەن قوزغالغان خەلق سېپىل دەرۋازىسى ئالدىغا غالىبانە كېلىپ، 50 ماددىدىن ئىبارەت تۈزۈلىرىنىڭ قانۇنىي تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن ھەربىي باشلىقلىرىمۇ خەلقنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قارشى نامايىش ئۇيۇشتۇردى. 24 — فېۋرال كۈنى تۈڭگانلار بىلەن قازاقلارنىڭ، 25 — فېۋرال كۈنى خىتايلارنىڭ نامايىشلىرى ئوتكۈزۈلدى. بۇ ھەر ئىككى نامايىش ئەخمەتجان قاسىمىي باشچىلىغىدىكى ئىلى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرىگە قارشى قارىتىلغان ئىدى.

مەن بىلىم يۇرتىدىكى ئوقۇشۇمنى ئەينە شۇنداق كەسكىن ۋاقىئەلەر داۋام قىلغان 1947 — يىلى تاماملىدىم. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئورخان ئىسىملىك تونۇشۇم مېنى ئويىگە تەكلىپ قىلدى. «ئاكام تۈرمىدىن چىققىنى، ھازىر گېزىتخانىدا ئىشلەيدۇ» — دېدى ئۇ. ئويىگە كىرگەندە بىزنى ئېگىز بويلۇق، جودەك ئادەم قارشى ئالدى. ئورخاننىڭ ئاكىسى ئۇيغۇر سايرانىي ئىكەن. مەن ئۆزەمنى تونۇشتۇرۇپ، بىلىم يۇرتىنىڭ خىتاي تىلى فاكۇلتېتىنى تاماملىغانلىغىمنى ئېيتتىم.

— مەن ئۇيغۇر ۋە قازاق تىللىرىدا چىقىدىغان «شىنجاڭ گېزىتى» تەھرىراتىدا ئىشلەيمەن. بىزگە خىتاي تىلىنى بىلىدىغان تەرجىمان كېرەك. خالىسىڭىز، كېلىڭ، خىزمەتكە ئالىمىز، — دېدى ئۇيغۇر سايرانىي.

— مەن ئۇيغۇر تىلىنى دېگىدەك ياخشى بىلمەيمەن، قانداق ئىشلەيمەن؟ — دەپ ئوچۇقىنى ئېيتتىم.

— ئۈگىنىسىز، ئەنسىرىمەڭ، جايسان ئۈگىنىۋالىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئويىڭىز ئالتاي ۋىلايىتىدە ئىكەن. بىزگە ئىشقا كىرىشكىنىڭىزگە، ئۇ ياقلار غالىبىيەتتىكى ئىمكانىيەت تۇغۇلۇپ قالار، — دەپ مېنى قىزىقتۇرۇشقا باشلىدى سۆھبەتدىشىم.

رازى بولدۇم. ئەتىسى گېزىتخانىغا كېلىپ، ياتاققا ئورۇنلاشتىمدە، ئۇيغۇر تەھرىر بولۇمىدە ئىشلەشكە باشلىدىم. دەسلەپ خىتايچە ماتېرىياللارنى قازاقچە تەرجىمە قىلىشقا كىرىشتىم. ئارىدىن كوپ ئوتمەي، [illegible] سەلبىي پىكىرلەر ئېيتىلدى:

— ئۇيغۇر تىلىنى بىلمەيدىغان، تەرجىمىدىن خەۋىرى يوق بالىنى ئىشقا ئالغىنىمىز قانداق؟ بۇ بالا تەرجىمانلىققا يارىمايدۇ، دېيىشتى بەزىلەر.

— خىتاي تىلىنى ئوبدان بىلىدۇ، [illegible] ئۇيغۇر تىلىنى ئۈگىنىش ئانچىلا قىيىن ئەمەس. بۇ ياشنىڭ تېز ئارىدا قاتارىمىزغا قوشۇلۇپ كېتىدىغانلىغىغا ئىشىنىمەن. [illegible] ھەر تەرەپتىن ياردەم قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى ئۇيغۇر سايرانىي [illegible]

[illegible]

بىز غۇلجىغا كېلىپ، بىر ھەپتە ئوتكەندىن كې-

يىن مېنىڭ «ئىنقىلاۋىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ تەھرىر بولۇمىگە خىزمەتكە ئورۇنلىشىشىمغا توغرىلىق ئۇختۇردى. مەن ئۈرۈمچىدە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە ئىككىنچى بىر چوڭ مەكتەپنى ئۆتكۈزۈش پۈرستىگە ئېگە بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىغىنى ئۈگىنىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتى، ئۈرپى — ئادىتى، ئەسىرلەر بويى قېلىپلاشقان تۇرمۇش مەئىشىيتى ۋە ئىجتىمائىي — سىياسىي كوز قاراشلىرى بىلەن دەسلەپكى قېتىم تونۇشۇشقا مۇيەسسەر بولغان ئىدىم. ئەندى غۇلجىدا گېزىتخانىغا ئىشقا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن شۇ مەكتەپنى داۋاملىق ئوقۇپ تۈگىتىشكە داغدام يول ئېچىلغانلىغىنى چوڭقۇر ھىس قىلدىم.

ئۇيغۇر سايرانىي ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى — 27 — ئاۋغۇست كۈنى ئەخمەتجان قاسىمىينىڭ كورسەتمىسى بىلەن غۇلجىدا چىقىدىغان گېزىتلار ئىدارىسىنىڭ باشلىغى ۋە شۇ گېزىتلارنىڭ، جۈملىدىن، «ئىنقىلاۋىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇپ تايىنلاندى. باشقا گېزىت تەھرىراتلىرىغا سىياسىي رەھبەرلىك موشۇ گېزىت ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلاتتى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھوكۇمىتىنىڭ ئەشىر ئەپكارى بولغان «ئازات شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن ئىلى ۋىلايەتلىك ھوكۇمەتنىڭ نەشىر ئەپكارى بولۇپ قالغان ھەم ئۇنىڭ نامى «ئىنقىلاۋىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. ئۇيغۇر سايرانىي مەزكۇر گېزىتكە باش مۇھەررىر بولۇپ تايىنلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سابىق مۇھەررىرى ئەسخەت ئىسھاقوۋ ئىلى ۋىلايەتلىك ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇل كاتىبى بولۇپ بەلگۈلەندى.

مەن ئىشقا كىرگەندە «ئىنقىلاۋىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى تەھرىر بولۇمىنىڭ باشلىغى ئۇرمۇھەممەت بوساقوۋ ئىدى. مەزكۇر بولۇمدە ئەلقەم ئەخمەتەم، مۇھەممەت سىدىق نورۇزوۋ، خەمىت توھتى، ساۋۇت داموللا، ئابدۇرېشىت ئىمىنوۋلار ئىشلەتتى. نۇرمۇھەممەت بوساقوۋ سالماقلىق، ئىشقا ئىنتايىن جاۋاپكەرلىك بىلەن قارايدىغان ئاددىي ئادەم بولۇپ، ئۇ ماگا يېزىش، ئاتالغۇلارنى قوللىنىش بويىچە ئۇستاز بولدى. بىز كەلگەن چاغدا گېزىت ئىدارىسىدا سىياسىي ياكى دىنىي سىنزۇر (نازارەت) يوق ئىدى. ئۇ ھەر بىر تەھرىرنىڭ ئىنقىلاۋىي ۋىجدانىغا ژۈكلەنگەن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ساۋۇت داموللا كوپرەك ماقالىلارنىڭ دىنىي تەرىپىگە قاراتتى. ئۇ كىشى ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل بىلەتتى.

گېزىتنىڭ باش تەرجىمانى ئابدۇرېشىت ئىمىن بىلەنمۇ يېقىن دوست بولۇپ كەتتىم. ئۇ خىتاي تىلىنى ياخشى بىلىدىغان، قەلىمى ئوتكۈر، خوشچاقچاق ئادەم ئىدى.

تەھرىر بولۇمىنىڭ ئىشىغا زۇنۇن قادىرىي، نىم شېھىد ئارمىيە داموللىلارمۇ يېقىندىن قاتناشتى. تېيىجان ئىلىيېۋنى گېزىتخانىغا ئېلىپ كەلگەن زۇنۇن ئاكا قادىرىي ئىدى. تەھرىر خەمىت توھتىنىڭ ماگا كورسەتكەن ياردىمى ۋە تەسىرى ئاز بولمىدى. ئۇ مېنىڭ غۇلجىدا تاتار جامائەتچىلىكى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىشىمگە ۋاستىچى بولدى.

ئەخمەتجان قاسىمىي گېزىت ئىشلىرىدىن داۋاملىق خەۋەر ئېلىپ، ئۇنىڭ خادىملىرى بىلەن ئىشچىلىرىغا يېقىندىن غەمخورلۇق قىلاتتى. تەھرىرات خادىملىرى بىلەن ئىشچىلىرىنىڭ ئۇردىن، مېدالار بىلەن مۇكاپاتلىنىشىغا كوڭۈل بولەتتى. مەنمۇ شۇ يىللاردا شەرقىي تۈركىستان ھوكۇمىتىنىڭ «ساداقەتلىك مېدالى» بىلەن تەغدىرلەندىم.

ئەخمەتجان قاسىمىي باشلىق رەھبەرلەر غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى قىسمىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش، دۈشمەنلەرنىڭ تۈرلۈك سۇيىقەست، بولگۈنچىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇشى، ئىختىساتنى رىۋاجلاندۇرۇش چارە — تەدبىرلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قىزغىن كىرىشتى. «ئىنقىلاۋىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتى ھوكۇمەتنىڭ بۇ مەسىلىلەر بويىچە پائالىيەتلىرىنىڭ ئىزچىل ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن تەرغىبات — تەشۋىقات ئىشلىرىنى جىددىي ئېلىپ باردى.

1944 — 1949 — يىللار ئۇيغۇر خەلقى تارىخىنىڭ كېيىنكى ئەسىردە ئىنتايىن مۇھىم ۋاقىئەلەر يۈز بەرگەن ئالاھىدە دەۋر بولدى. بۇ ۋاقىتتا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى مىللىي ئازاتلىق كۈرەش ئۇۋج ئېلىپ، ئۈچ ۋىلايەتتە مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى، شانلىق مىللىي ئارمىيە تەشكىل قىلىندى، ئازاتلىققا تەشنا خەلق ئىنقىلاپ، ئىستىقلالىيەت مېۋىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشقا مۇيەسسەر بولدى. مىللىي مەتبۇئات تەرەققىي قىلىندى. لېكىن كېيىنكى — خىتاي ئىمپېرىيەلىرىنىڭ تىل بىرىكتۈرۈشى بىلەن خەلقنىڭ پاك قېنى بەدىلىگە كەلگەن ئىنقىلاپ غالىبىيىتى كوممۇنىست خىتايلارنىڭ قۇربانىغا ئايلاندى. بۇ خەلقىمىز تارىخىدا ھېچ قاچان ئۇنتۇلمايدىغان تارىخىي ساۋاقتۇر.

مۇنىر ئېرزىن،
تارىخ پەنلىرىنىڭ نامزىتى.

ماۋزېدۇڭنىڭ بىزگە كەلتۈرگەن زەردابلىرى

ئازاتلىق تاڭلىرى ئاتىدۇ ئاخىر

تاڭ - تاڭ ئاتقاندا، خەلق ئويغانغاندا،
بۇ مېنىڭ خەلقىم ياتسا مەيلىمۇ؟
ئۆز خەلقى ئۈچۈن قىلسا غەمخورلۇق،
قاراڭغۇ زىندانغا سالسا مەيلىمۇ؟!

شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەشكەن، ئۆز خەلقىنىڭ جەسۇر پەرزەندى ئاتام قاسىمجان قەمبىرىنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى يېزىلغان بۇ بىر كۇبلېت شېئىرى هازىرمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. خۇددى شۇنىڭدەك خەلقىمىزمۇ ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن بولغان كۈرەشنى ھەم توختاتقىنى يوق، ئەلۋەتتە.

هازىر يۇرتىمىزدىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشا-قوشاق سادالىرى، جوشقۇن سازلار خەلقىمىزنىڭ ئىستىقلالىيەتكە بولغان تەلپۈنۈشلىرىنىڭ ئوسۇپ ئۇلغىيىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

خىتاي چوڭ مىللەتچىلىرى ھىيلىگەرلىك بىلەن زېمىنىمىزنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ھەر خىل سىياسىي ھەرىكەتلەرنى ژۈرگۈزۈپ، جاللات زۇ - زۇڭتاڭنىڭ «شىنجاڭنى باشقۇرۇش تەكى» قەبىھ سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، خەلقىمىزنى مىڭلاپ، يۈز مىڭلاپ قىرىپ، تۈرمىلەرگە قاماپ يەر يۈزىدىن پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىش سىياسىتىنى ژۈرگۈزۈپ كەلمەكتە. بۇنداق تەڭسىزلىككە چىدىماي نامايىشقا چىققانلار باستۇرۇلدى. مەسچىتلەرگە كېلىپ ناماز ئوقۇغانلار ياكى تويلاردا، ھېيت - بايراملاردا ناخشا ئېيتىپ - ئۇسسۇل ئوينىغانلارغا «بولگۈنچىلەر» دېگەن ئەيىپ تاقالدى. ھەتتا روسسىيەمۇ ئۆزلىرىنى «تەگلىك، ھۆرلۈك، ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ غەمخورچىسى» دەپ ۋايساشلىرىغا قارىماي، هازىر يۇرتىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئازاتلىققا ئىنتىلىشلەرنى قىزىل خىتاي كومۇنىستلىرىنىڭ رەزىل سىياسەتلىرىنى قوللىمىغاندەك، «ئىسلام بولگۈنچىلىرى، فۇندامېنتالىستلىرى، تېرروررچىلار» دېگەندەك بىمانە سوزلەر بىلەن ھەقىقەتنى بۇرمىلاپ كورسەتمەكتە.

هازىرقى دۇنيا ۋەزىيىتى شۇنى كورسىتىدۇكى، زۇلۇم - خورلۇق، تەڭسىزلىكنىڭمۇ چېكى بولىدۇ. 1997 - ژىلى فېۋرالغا كەلگەندە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ غەزىۋى قايناپ تاشتى. بۇ هال ۋېنگر شائىرى شاندور پېتوفىنىڭ:

«هاياتنى مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەت،
هاياتتىنمۇ قىممەت مۇھەببەت.
ۋە لېكىن كېچىمەن ھەر ئىككىلىسىدىن،
ئازاتلىق، تەركىنلىك ئۈچۈن مەن پەقەت.»

دېگەن شېئىرىنى كىشىگە ئەسلىتەتتى.

هېلىمۇ ئېسىمدە، مەن ئىچكى خىتايلىنىڭ ئالىي تىببىي ئاكادېمىيىسىدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا بىزگە سىياسەت ئىلمىسى كومۇنىزمدىن دەرىس ئۆتىدىغان ياش مۇئەللىم، تونۇلغان ناتىق يەن جاۋايەن «ئىنگلىزلەر تىيەنجىن شەھەرلىك ئىستراھەت بېغىنىڭ ئىشىكىگە: «خىتاي كىرىشكە، ئىشت كىرىشكە رۇخسەت يوق» دەپ يېزىپ قويانتى، دەپ غەزەپ بىلەن كوزىگە ياش ئالاتتى.

ماۋچىلار تەختكە چىققاندىن كېيىن: بىز يېرىم فېودال، يېرىم مۇستەملىكە ئەل ئىدۇق، بىزنى ئۈچ چوڭ تاغ بېسىپ تۇراتتى. بىزنى موشۇ هالغا چۈشۈرۈپ قويغان چەت ئەللىك جاھانگىرلار ۋە هاكازالار دەپ ۋايساتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلار، ئەزەلدىن ئۆزلىرىنىڭ باي رىغى، كېرىبى، يەر تەۋەسى ھەتتا پۇلى، مىللىي ئارمىيەسى بار مۇستەقىل ياشاپ كەلگەن ئۆز دولىتى بار ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەتنى بېسىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى خالىغانچە ئېزىپ، دەپسەندە قىلماقتا.

خىتايلار قۇرۇپ بەرگەن دوزاخ «جەننەت كوممۇنىزمغا» مېنىڭ خەلقىمنىڭ مۇپتىلا بولغىنىغا ئەللىك ژىلغا يېقىن بولدى. شۇندىن بېرى ئۇيغۇرلار 4,5 مىللىوندىن ئاران 7.9 مىللىون بوپتۇ. (رەسمىي خىتاي ئەخباراتى بويىچە) خىتايلار بولسا 450 مىللىوندىن كوپىيىپ، 1,5 مىللىاردقا يەتكەن.

زامانىۋى ئىلىم - پەن ئاللىقاچان ئىسپاتلاپ بەرگەندەك، ئۆز دۆلىتى يوق مىللەتنىڭ كېلەچىكى يوق. كېنا فونىدى يوق خەلقىنىڭ تەرەققىياتىمۇ يوق دېگەن سوز. نەچچە ژىلدىن بېرى خىتاي هوكۇمرانلىرى جار سېلىپ تىللىغان ھەممە جاھانگىر دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ بارلىق بېقىندى ئەللىرىگە مۇستەقىللىق بېرىپ بولدى. خىتاي تېخىچە مەدراپ قىياغىنى يوق. بىز ياخشى بىلىمىز، ئاۋام خىتاي خەلقىدە نېمە گۇناھ؟ ئاۋارنىڭ بىزگە نىسبەتەن هوكۇمرانلىق پىسخىكىسىنى خىتاي مۇستەبىت هوكۇمرانلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بىر خەلق بىلەن ئىككىنچى خەلقنى دۈشمەن قىلىپ قويدى. ئۇيغۇرلار هېچ قاچان باشقا بىر خەلققە قارشى تۇرمىغان...

موشۇ يۈز ژىلدىن ئوشۇق ۋاقىتتىن بېرى خىتايلار ئۇيغۇرلار دىيارىنى بېسىۋېلىپ، بۇ زېمىندىكى خەلقلەرگە سالمىغان زۇلۇملىرى ئاز بولمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى «بىز راستىنلا ئاسمانىنىڭ تېگىدىكى ياخشى خەلق ئىكەنمىز» دەپ، چوڭ مىللەتچىلىك سىياسىتىنى ژۈرگۈزۈپ كەلمەكتە. چۈنكى، يېقىنقى ژىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلار دىيارىدىن تىجارەت، ياكى ھەرەمگە بېرىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ گۇۋالىق بېرىشچە، چېگارىدىن ئوتۇش رەسمىيىتىنى ئوتكىچە خىتاي تىلىنى بىلمەي قىينالغان بىچارىلەرنى «سىگگۇ» (هايۋان) دەپ تىللايدىكەن، كوپلىگەن بىگۇنا ياشلىرىمىزنى تۈرمىلەرگە قاماپ قىيناپ ئولتۈرۈۋېتىپتۇ. بۇلارنىڭ ئوتمۇشتىكى فېوداللىق خىتايلاردىن نېمە پەرقى بار؟ ئەينە شۇنداق باراۋەرسىزلىك سىياسەت تۈپەيلىدىن خەلقىمىزنى روھىي، مۇڭچەيگەن، كېسەل، نېمە دېسە خوپ دەيدىغان، قورقانچاق، ھەسەتخور، يالغانچىلىق، ژىغلاڭغولۇق هالىتكە چۈشۈرۈپ قويغان. بۈگۈنكى خىتاي كومۇنىستلىرىنىڭ بىزگە ئەپەكەن ئۇرىگۇزۇۋاتقان چوڭ مىللەتچىلىك سىياسىتىنىڭ يەكۈنىدۇر. دۇنيانىڭ ھەممە ئەللىرىدە يوقلۇپ كېتىش خۇۋپى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقاتان هايۋانات بىلەن ھاشارەتلەرنى قىزىل دەپتەرگە كىرگۈزۈپ قوغدىسىۋ، ئۆزگەن بىر قەدىمىي ئۆزبېرى، مەدەنىيىتى، تىلى، تارىخى، ۋايىرىنى بار ئۇيغۇر خەلقى يوقاپ كەتسە مەيلىمۇ؟! ياق، هېچ قاچان، ھەر ئاتاىدۇ زالىملار بىر پۈتۈن خەلقىنى يوق قىلالمىغان ھەم يوق قىلالمايدۇ...

بۇ يەردە يېقىندا يۈز بەرگەن بىر ۋاقەنى ئەسلەپ ئوتۇش ئورۇنلۇق. 1991 - ژىلى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى مۇستەقىللىككە ئېرىشىپ، خىتاي بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش يۈزىسىدىن قىرغىزستانغا خىتاي دوختۇرى كېلىپ ئىشلىگەندە، بىز بىر خىتاي پروفېسسورىنى ئالمۇتىغا بېرىپ كۈتۈۋالدۇق. ئۇ بىشكېككە كېلىپ مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇرماي تۇرۇپلا: «ياركەنتتىن تارتىپ بىشكېككىچە بولغان ئارىلىققا بەخۇدۇك 300 مىللىون ئادەم سىغىپ كېتىدىكەن» دېدى. ياپىرىم، نېمە دېگەن ئىشتەي بۇ؟!

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىدىن بىرى مەرىپەتپەرۋەر جەڭچى - يازغۇچى، شائىر، دراماتورگ، 1944 - ژىلى غۇلجا شەھرىدە پارتلىغان ئازاتلىق ئىنقىلابىنىڭ پائال ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى مەرھۇم قاسىمجان قەمبىرىي 1946 - ژىلى نەشر قىلىنغان «ياشلىق چاغلىرىم» دېگەن شېئىرىدە مۇنداق دېگەن ئىدى:

دۇنياغا كەلمەك تۇغۇلۇپ تورەلمەك،
ئوسمەك، يېتىشمەك قەدىرنى بىلمەك.
ئىنسانغا لازىم بىرلىكتە ئۆتمەك،
بىزگە ھارامدۇر قۇل بولۇپ كەتمەك.

بۇ بىر كۆيلەت شېئىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى يارقىن ئىپادىسى دېسەك مۇبالىغە بولماس. بۇ شېئىر يېزىلىپ 50 ژىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىزنىڭ خەلقىمىز تەڭسىزلىككە قارشى بەل باغلاپ چىقتى.

بىزنىڭ خەلقىمىزدە «نىيىتى يامانىڭ قازىنى تۇشۇك» دېگەن ھېكمەتلىك ماقال بار. خىتاي مۇستەبىتلىرىنىڭ ئۇيغۇر، تىبەت، موڭغول ۋە باشقا ئاز نوپۇسلۇق خەلقلەرگە، ئاسىيا خەلقلىرى ۋە باشقا خەلقلەرگە قارىتا ژۈرگۈزۈۋاتقان ياكى ژۈرگۈزمەكچى بولۇۋاتقان قارا نىيەت هوكۇمرانلىق سىياسەتلىرى: «21 - ئەسىر خىتاينىڭ ئەسرى بولىدۇ» دەيدىغان دۇنياغا غوجا بولۇش قارا نىيىتى هېچ قاچاندا ئەمەلگە ئاشمايدۇ. تارىختىكى بارلىق ئىمپېرىيەلەر ياكى هوكۇمران سۇلالىلار زاۋاللىققا يۈز تۇتقان چاغدا ئۆز خەلقى ياكى باشقا خەلقلەر ئۈستىدىن دەھشەتلىك سىياسەت ژۈرگۈزگەن، خەلققە ئەركىن نەپەس ئېلىش پۇرسىتىنى بەرمىگەن. هاكىم مۇتلەق سىياسەت ژۈرگۈزگەن. شۇلارغا ئوخشاش بۈگۈنكى خىتاي كومۇنىست هاكىمىيىتىمۇ شۇنداق تەغدىرگە دۇچ كەلدى.

تيەنئەنمېن مەيدانىدا دېموكراتىيە ئۈچۈن سادا ياڭراتقان ياشلارنى قانغا پاتۇرۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا رېكورد ياراتقان، بارىن، غۇلجا، قارغىلىق قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئوققا تۇتۇپ، ياش ئاققۇزىدىغان زەھەرچېچىپ، زىندانلار، لاگېرلارغا قاماپ، مىڭلىغان بىگۇنا ئادەملەرنى قىرىۋاتقان رەزىللىكلىرى ئۇلارنىڭ ئەشۇ خىتاي تارىخىدىكى سۇلالىلارنىڭ يوقۇلۇش سەۋەبلىرىنىڭ قايتا تەكرارلىنىۋاتقانلىقى ئەمەسمۇ؟

دۇنياغا مەخمۇت قەشقەرىي، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئىپارخان، سادىر پالۋان، غېنى باتۇر، ئەخمەتجان قاسىمىي، رىزۋانگۈللەرنى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا ۋە يەنە يۈزلىگەن ۋەتەنپەرۋەر ئوغلانلارنى ياراتقان خەلق چوقۇم قۇللۇقتىن قۇتۇلىدۇ.

نازىم قەمبىرىي.
بىشكېك شەھرى.

ژىللار ۋە تەغدىرلەر

ئۇنتۇلماس ۋاقەلەر گۇۋاھچىسى

1945 - ژىلى يانۋار ئېيى ئىدى. غۇلجا شەھرىنىڭ ھەرەمباغ، لىياگشاڭ، ئائېرودروم قاتارلىق جايلىرىغا ئىستېھكام قۇرۇپ بېكىنىۋالغان گومىنداڭچىلار ئۈچ ئايدىن بېرى قورشاۋ ئىچىدە قېلىپ، پارتىزانلار ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرمەكتە ئىدى.

ھەر مىللەت ۋەكىللىرىدىن تەركىپ تاپقان قوراللىق پارتىزانلارنىڭ روھى ئۈستۈن، دۈشمەنگە بولغان نەپرىتى كۈچلۈك. دۈشمەن بولسا روھى چۈشكۈنلۈككە ئۇچراپ، ئاجىزلاشقان، لېكىن ئاخىرقى كۈچىنى ژىغىپ مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىش ئۈچۈن جان تالاشماقتا.

مەگسۇر لومىيېۋ باشچىلىقىدىكى تۈگكان پارتىزانلىرى قوماندانلىقىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئائېرودروم، زەرەتكاللىق تەرەپتىن ھەرامباغ سېپىلىنى ئىشغال قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ئۇمۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلاندى. ئۈستىگە ئاق جۇگا كىيگەن ۋۇژۇد كوماندىرى فىكرات ليۇخوزايېۋ ئۆز جەڭچىلىرى بىلەن قار ئۈستىدە يەر بېغىرلاپ ئىلگىرىلىمەكتە. دۈشمەن سېپىل يېنىدىكى پوتەيدىن ئۈزلۈكسىز ئېتىلىۋاتقان پۇلېميوت ئوقىدىن باش كوتىرىش مۇمكىن ئەمەس. چىقىمنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن پوتەينى پارتلىتىش كېرەك. سوۋېتنىڭ ۋە باشقا جەڭلەرنىڭ ئىشتىراكچىسى تەجرىبىلىك پارتىزان نوخەيزى ئۈچ نەپەر جەڭچى بىلەن پوتەينى پارتلىتىش ۋەزىپىسىنى ئالدى. ئەندى ۋۇژۇد كوماندىرى فىكرات جەڭچىلەر بىلەن ئاۋتوماتتىن ئوق ئېتىپ، دۈشمەننى ئۆزلىرىگە جەلىپ قىلىپ، پارتلاتقۇچىلارغا ياردەم قىلىپ تۇردى. نەتىجىدە پوتەي پارتلىنىپ گۇمران بولدى. جەڭچى نوخەيزى قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى. فىكراتنىڭ بېشىدىكى قۇلاقچىسىغا ئۈچ يېرىدىن ئوق تېشىپ ئوتۇپ ئىس چىقىشقا باشلىدى. ئۇ بېشىنى سىلاپ ياردار بولغان - بولمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن قۇلاقچىنى قولىغا ئالدى. ساق ئىكەن.

غەزەپلەنگەن كوماندىر: «ئالغا» دەپ ۋاقىرىدى - تېزلىكتە سېپىلنىڭ بىر بولىكى ئىشغال قىلىندى. تويۇقسىز يان تەرەپتىكى يوشۇرۇن ئورۇندىن ئېتىلغان ئوق فىكراتنىڭ كېكىتىگىدىن كىرىپ ئېگىكىدىن چىقىپ كەتتى. جەڭچىلەر ئۇنى ئىككىنچى لىنىيەگە ئېلىپ كەلدى. ھەمشىرە ستېپانوۋا كېلىپ دەسلەپكى ياردەمنى بەردى ۋە ئۇنى تېزلىكتە گوسپىتالغا ئېلىپ كەتتى. بۇ يەردىن ئۇ سامولېوت بىلەن ئالمۇتىغا ھەربىي گوسپىتالغا كەلتۈرۈلدى.

دەل موشۇ پەيتتە ئارىشاڭ ئۇرۇشىدا ياردار بولغان غېنى باتۇرمۇ مەزكۇر گوسپىتالدا داۋالىنىۋاتقان ئىكەن. ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيىنى بىللە ئىچىپ ياشىغان ئۇيغۇر ۋە تۈڭگان خەلقلىرىنىڭ قەھرىمان ئوغۇللىرى مانا موشۇ يەردە كورۇشتى...

1945 - ژىلى مارت ئايلىرىدا فىكرات ليۇخوزايېۋ غۇلجا شەھرىدىكى تۈگكان

پولكنىڭ هەربىي بازا باشلىقى لەتىپ سۇلايمانوۋقا يولۇقۇپ، يېڭى قوبۇل قىلىنغان جەڭچىلەرگە ئېسكادرون كوماندىرى بولۇپ، ئۇلارغا ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنى ئۆگەتتى. 1945 - ژىلى مايدا ئالدىنقى سەپ داخيانزىغا كېلىپ 5 - تۈگكان ئاتلىق دىۋىزىيون شتاب باشلىقى ئابدۇراخمان كەلىموۋنىڭ ئورۇنباسارى، ئۇ پېرىاتنۇ بولۇمىنىڭ باشلىقى بولغان لېيتېنانت ف. ليۇخوزايېۋ شىخودا 10 - تۈگكان ئاتلىق پولكى قۇرۇلغاندا ئۇزىنىڭ بۇرۇنقى خىزمىتىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ باجەخو، جىڭ ئۈچۈن بولغان ئۇرۇشلارغا باشتىن ئاياق قاتنىشىپ، قابىلىيەتلىك ئوفىتسېر ئىكەنلىكىنى ئەمەلدە كورسەتتى. ئۇنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك «ئىستىقلالىيەت ئۈچۈن كۈرەش» ئوردېنى ۋە باشقا مېداللار بىلەن مۇكاپاتلىنىشى بۇنىڭ يارقىن ئىسپاتى بولسا كېرەك.

مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى ماناس دەرياسى بويىغا بېرىپ يەتتە غوجام دېگەن جايدا مۇداپىئەدە تۇرۇپ، جەڭدىي ھەربىي تەييارلىقلارنى ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر ۋاقىتتا 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالاندى. كېيىنكىش ئىتتىپاقىدىن كەلگەن ئوفىتسېرلار ۋەتەنگە قايتتى، بىزنىڭ پولكتىن مەسلىھەتچى سالىخ ئەلىيېۋ، شتاب باشلىقى كاپىتان كەلىموۋ ۋە باشقىلار قاتارىدا فىكرات ليۇخوزايېۋ هاياتىدا ئىككىنچى قېتىم ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلارنى ئۇزىتىش پولكنى تارقىتىش مەراسىمى بىلەن بىرگە ئوتكۈزۈلدى. پولك كوماندىرى مەگسۇر لامىيېۋ پولكنىڭ تارقىتىلغانلىقى توغرىلىق بۇيرۇغىنى كوز يېشى بىلەن ئېلان قىلغاندا، مەيداندىكىلەرنىڭ ھەممىسى جىم - جىت تۇرۇپ، سۈكۈت ساقلاپ، جەڭلەردە قۇربان بولغان شېھىتلارغا ئېھتىرام بىلدۈردى. جەڭچىلەر ئاخىرقى قېتىم پولك بايرىقى ئالدىدىن خوشلىشىپ ئوتتى. بايراق چۈشۈرۈلدى. جەڭچى - ئوفىتسېرلار بىر - بىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي، قۇچاغلىشىپ خوشلاشتى.

فىكرات خەرسەن ئوغلى ليۇخوزايېۋ 1926 - ژىلى غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇ رۇس گىمنازىيەسىنى پۈتتۈرۈپ، 1941 - ژىلى ئۈرۈمچىدىكى تۇدۇڭ خابا سامولېوت قۇراشتۇرۇش زاۋۇتىغا ئىشقا كىردى. باندىت شېڭ شىسەي كېگەش ئىتتىپاقىدىن يۈز ئورۇپ، كېگەش مۇتەخەسسىلىرىنى هايدىغاندا فىكراتمۇ س س س ر مۇتەخەسسىلىرى بىلەن بىللە يۇرتىنى، ئاتا - ئانىسىنى تاشلاپ كېگەش ئېلىگە چىقىپ كېتىدۇ. بۇ يەردە ئۇ 1942 - ژىلدىن 1944 - ژىلغىچە تاشكەنتتىكى 84 - ھەربىي زاۋۇتتا ئىشلىدى. شۇ ژىلى گېنېرال پولىنوۋ باشقۇرغان تاشكەنت پىيادە ئەسكەرلەر بىلەن يۇرتىمىدا (ئورنى ئوسمان يۇسۇپ باغچىسىدا) ئوقۇپ ھەربىي بىلىم ئالدى. 1944 - ژىلى كۆز ئايلىرىدا بولسا گېنېرال پولىنوۋ رەھبەرلىكىدە قىرغىزستان چېگرا رايونىدا بازا قۇرۇپ جەنۇبىي شىنجاڭ تەۋەسىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى خەلقىمىز ئېلىپ بارغان قوراللىق پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىگە پائال ئىشتىراك قىلدى. ئۇ 1944 - ژىلى كەچ كۈزدە قورغاس چېگراسى ئارقىلىق غۇلجىغا ئوتكەن دەسلەپكى قىرىق پارتىزاننىڭ بىرى بولغان ئىدى. ئۇ تۇغۇلغان ئانا يۇرتىغا كېلىپ گومىنداڭچىلارغا قارشى جەڭلەرگە قاتنىشىپ ئېغىر ياردار بولدى.

ئۇ ئىككىنچى قېتىم س س س ر غا كەلگەندە يەنە تاشكەنتتىكى سامولېوت قۇراشتۇرۇش زاۋۇدىغا ئىشقا ئورۇنلاشتى. ئۇ ئىشلەپ ژۈرۈپ 1949 - ژىلدىن 1953 - ژىلغىچە تاشكەنت يۇرىدىك ئىنستىتۇتىدا ئوقۇدى. فىكرات يوللانما بىلەن دەسلەپ جاللاباد، توخماق شەھەرلىرىدە پروكۇراتۇرىدا ئىشلىدى. ئاندىن قىرغىزستان جۇمھۇرىيەتلىك پروكۇراتۇرىسىدا باش تەرگەۋچى، كونسۇلتانت بولۇپ ئىشلەپ 1983 - ژىلى يۇستىتسىيە پولكوۋنىگى ئۇنۋانى بىلەن پېنسىيەگە چىقتى.

سەيدىشىمىز فىكراتنىڭ دادىسى خەرسەن ئاكا 1955 - ژىلى غۇلجا شەھرىدە دۇنيادىن ئوتكەن. ئۇنىڭ ئانىسى مۇقەددەس ھەدە كەنجە ئوغلى راپائىل ۋە قىزى ئاسىيەم بىلەن شۇ ژىلى قازاقستانغا كېلىپ ئورۇنلاشتى ۋە ئوغلى بىلەن دىدارلىشىپ ئالەمدىن ئوتتى.

فىكرات هازىر بىشكېك شەھرىدە بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرى بىلەن قوۋالشىپ ياشىماقتا.

ئىبراھىم ياۋاخۇن.
سابىق مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرى.

سۈرەتتە: فىكرات خەرسەن ئوغلى ليۇخوزايېۋ.

1 - سېنتەبىر - بىلىم كۈنى

ھەممىمىزنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىمىز

مەكتەپكە بالىلار بۈگۈن قەدەم باسىدۇ، ئانا مەكتەپ ئۇلارغا قوينىنى كەڭ ئاچىدۇ.

يېڭى ئوقۇش يىلى ھارپىسىدا مۇخبىرىمىز ساۋۇت نىسكەندەربېي ئوتكەن يىللاردا ئالمۇتا شەھىرىدە ئېچىلغان ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ۋە سىنىپلىرى تەغدىرىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان پروبلېمىلىرى. شۇنداقلا يېڭى ئوقۇش يىلىغا تەييارلىقى، ئۇمۇمىي ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىققان ئىدى. گېزىتخانلىرىمىزغا ئەينە شۇنىڭ تەپسىلاتىنى ھاۋالە قىلىۋاتىمىز.

يېڭىلىنىش دەۋرىنىڭ شارائىتى بىلەن سابىق س س س ر جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئوز مۇستەقىللىقىنى قولغا ئالغانلىقى ئۇلاردا ياشاپ كېلىۋاتقان ئاساسىي مىللەتلەرنىڭ ئىستىقبالىغا كەڭ يول ئاچقان بولسا، ئۇلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىي ئۇچۇنمۇ بەلگۈلۈك ئىمتىيازلارنى ھاسىل قىلدى. ئۇنىڭ خەلقىمىز ھاياتىغا ئېلىپ كەلگەن ئوزگىرىشلىرىنىڭ بىرى - مىللىي مائارىپىمىز تەرەققىياتى ئۇچۇن مۇمكىنچىلىكلەرنىڭ يارىتىلغانلىقى بولدى.

ھاكىم مۇتلەق تۈزۈم ھۆكۈمرانلىق قىلغان 70 يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت مابەينىدە ئاھايىتى سىرلىق تۈردە ئېلىپ بېرىلگەن ئاسسىمىلياتسىيەلىك جەريان سەۋەبىدىن مىللىي ئالاھىدىلىكلەرنىڭ يوقىتا چىقىشقا ئوتكەنلىكى ھەممىگە ئايان.

20 - 30 - يىللاردا ئالمۇتا شەھىرىدە ياشايدىغان مىللەتلەر قاتارىدا ئوپۇسنىڭ كوپلىگى جەھەتتىن ئالدىنقى قاتاردىكىلەرنىڭ بىرى سانالغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر نەچچە يەردە بالىلىرى ئوز ئانا تىلىدا بىلىم ئالىدىغان مەكتەپلىرىنىڭ بولغانلىقى تارىخىي مەنبەلەردىن ئايان. ئۇنىڭدىن بېرقى ئوتكەن يىللاردا بىر مەزگىل ئېچىلىپ، بىردە يېپىلىپ كەلگەن ھازىرقى 101 - ئۇيغۇر مەكتۇپىدىن باشقىلىرىنىڭ ئىشىكى تاقىلىپ، ھەممىسى دېگىدەك رۇس مەكتەپلىرىگە ئايلاندۇرۇلدى. بىزنى بىر ياققا قويغانىڭ ئوزىدە ھەتتا قازاقىستان پايتەختى ئالمۇتىدا 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە بالىلار ئوز ئانا تىلىدا بىلىم ئالىدىغان پەقەت بىرلا قازاق مەكتۇپى (12 - مەكتەپ) بولغان. ئۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۇنىڭ ئوزى مىللىي مائارىپقا نىسبەتەن قىسىم كورسىتىشنىڭ، ماھىيەتتە شۇ ئارقىلىق ئوزگىلەرنى ئوتلۇق مىللەت چولىسىغا سىلىپ بېرىشنىڭ قولايلىق بىر ئامىلى بولدى.

كېيىنكى يىللاردىكى دەۋر روھىغا مۇناسىۋەتلىك ھاسىل بولغان شارائىت ئالمۇتا شەھىرىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ھاياتىغىمۇ تەسىر كورسىتىپ، بۇ يەردە ئاز ۋاقىتنىڭ ئىچىدە 3 مۇستەقىل ئۇيغۇر مەكتۇپى، 6 رۇس مەكتەپلىرى يېنىدا ئۇيغۇر سىنىپلىرى ئېچىلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ تەغدىرى ھازىر قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ دېگەن سوئال بىر تەرەپتىن كوڭۇلدە قانائەتلىنىش سېزىمىنى تۇغدۇرسا، ئىككىنچى تەرەپتىن تەشۋىشلىك ئويلارغا سېلىپ كېلىۋاتىدۇ. مىللىي ئويغىنىش، ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلىرىمىز، يازغۇچى - شائىرلىرىمىز، بېكىمىز بارلىققا كەلگەن جۇمھۇرىيەتلىك، شەھەرلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ تەشەببۇسى ۋە كوچ چىقىرىشى بىلەن تەشكىل قىلىنغان بۇ مەكتەپ ۋە سىنىپلاردا ھازىر 3 مىڭدىن ئارتۇق پەرزەنتلىرىمىز ئوز ئانا تىلىدا ئوقۇپ بىلىم ئېلىۋاتىدۇ. شۈكرى قىلىدىغان بىرىمىز شۇكى، ئالمۇتا شەھىرى ئىچىدە شۇنچىلىك ئوغۇل - قىزلىرىمىز كەلگۈسى مىللىي قەدىرلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ياشلاردىن بولۇپ چىقىشى ئۇچۇن تەربىيىلىنىۋاتىدۇ. ئەينە شۇلارنىڭ ئىچىدە ئائېروپورت ۋە ئايناپۇلاق مەھەللىلىرىدە ئېچىلغان ئۇيغۇر سىنىپلىرىنى ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ساقلاپ قالالمىغانلىقىمىزنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئۇلاردىن باشقىلىرى ھازىرچە ھايات ساقلىنىپ بارلىقىغا بەرداشلىق بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. ئانا تىلىمىزدىكى شۇ ئوقۇش ئورۇنلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى دروژبا مەھەللىسى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ نامىدىكى ئۇيغۇر مەكتۇپى. 76 مۇئەللىم ئۇستازلىق قىلىدىغان بۇ مەكتەپتە 1136 ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. مەكتەپ مۇدىرى شاۋكەت ئومارۇۋ. كېيىنكى يىللاردا زامانىۋى ئۇلگىدە سېلىنغان بۇ مەكتەپ پەقەت بالىلىرىمىزنىڭ بىلىم ئېلىش دەرگاھىلا ئەمەس، ئالمۇتا شەھىرىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ ھەر خىل مەزمۇندىكى يىغىلىش مەراسىملىرىنى، مەدەنىي چارە - تەدبىرلىرىنى ئوتكۇزىدىغان مەركىزىگە ئايلانغان. مەكتەپ مەمۇرىيىتىدىكى تەلەپچانلىقنىڭ ۋۇجۇدلىقى، پېداگوگلار كوللېكتىۋىنىڭ ئوز ئۇستىگە ۋۇكلەنگەن ۋەزىپىلەرنى مەسئۇلىيەتلىك بىلەن ئورۇنلايدىغانلىقى تۈپەيلى مەزكۇر بىلىم جايى ئوقۇتۇش ۋە تەربىيە ئىشلىرىنىڭ سەۋىيىسى بويىچە ئالمۇتا شەھىرىدىكى مەكتەپلەر ئارىسىدا ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالغان. ئۇ يەردە ئىشلەيدىغان مۇئەللىملەرنىڭ 23 ئالىي كاتېگورىيەلىك، 24 بىرىنچى كاتېگورىيەلىك مۇئەللىملەر ناملىرىنى ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان. بىيىلقى ئوقۇش يىلىدا ئۇ يەردە بىرىنچى سىنىپتىن بەشىنى ئېچىش كوزدە تۇتۇلماقتا. مەكتەپ مەمۇرىيىتى، پېداگوگلار كوللېكتىۋىنىڭ ئاتا - ئانىلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشى ئۇلارنىڭ ئىشىنىڭ نەتىجىدارلىق بولۇشىغا ئېلىپ كەلمەكتە. ئوتكەن يىلى بۇ يەردە تەشكىل قىلىنغان «ئانا مەكتەپ فوندى» ئاسىمجان ئەمتوۋ رەئىسلىگىدىكى ئاتا - ئانىلار كومىتېتىنىڭ يولەكچىلىگىدە ئىش ئېلىپ بېرىپ، پۇلدار تىجارەتچىلەر ۋە مەھكىمىلەرنىڭ باشچىلىرى بىلەن يېقىن ئالاقە ئورنىتىش ئارقىلىق مەكتەپ خىراجىتىگە ئۇلارنىڭ خەيرىخالىق ياردەملىرىنى ئۇيۇشتۇرۇشتا چوڭ رول ئاتقۇرۇۋاتىدۇ.

خەلقىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەندىنى، ئاتاقلىق دولەت ئەربابى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ تۇغۇلغىنىنىڭ 100 يىللىغىنى نىشانلاش يۈزىسىدىن ئەينە شۇ ئامايەندىمىزنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان مەكتەپ كوللېكتىۋىنىڭ بۇ كۈنلەردە ئاتقۇرۇۋاتقان ئىشلىرىنى ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ. شۇ سەنە ئالدىدىن ھامىيلىق قىلغۇچىلىرىدىن ۋىققان 220 مىڭ تەڭگىنى سەرىپ قىلىپ، مەكتەپ زالىنى قايتىدىن بېزەندۇرۇپ ياساتماقتا. ئۇمۇمەن، مەكتەپ بوسۇغىسىنى ئاتلاپ كىرگەن كىشى ئۇلارنىڭ ھەممە جەھەتتىن يېڭى ئوقۇش يىلىغا تەييارلىغىنىڭ پۇختا بولغانلىغىغا بىردىن كوز يەتكۇزىدۇ.

بىز مەكتەپلەر ھاياتىدىكى ھازىرقى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش قوراللىرى بىلەن تەمىنلىنىش ئەھۋالى ھەققىدە مەكتەپ مۇدىرى شاۋكەت ئومارۇۋتىن سورىغىنىمىزدا، ئۇ بۇ توغرىسىدىكى پىكرىنى مۇنداق ئىزھار قىلدى. - ھازىرغىچە پەنلەر بويىچە 15 تۈرلۈك ئوقۇش قوراللىرىنى مەكتەپكە ئالدۇردۇم. لېكىن ئۇلارنى قولغا چۈشۈرۈش ئاسان بولمىدى. ئۇمۇمەن ئوقۇش قوراللىرىنىڭ يېتىشمەسلىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدىكى ئەڭ قىيىن مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئىشقا ھەقىقىي جان كويدۇرۇپ، ئېگىدارچىلىق قىلىۋاتقان ھېچ كىمنىڭ بولمايۋاتقانلىقى ئەپسۇسلىنارلىق.

تىرىشقاننىڭ ۋۇكى يولىدا قالمايدىغىنىدەك، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئالدىن ئالا كىرىشىپ، يېڭى ئوقۇش يىلى باشلانغىچە ئوقۇغۇچىلىرىنى دەرسلىكلەر بىلەن تەمىنلەشنى تولۇق دېگىدەك قولغا كەلتۇرگەن مەكتەپ مۇدىرى شاۋكەت ئومارۇۋنىڭ ئۇلگىلىك خىزمىتىگە يەنە بىر قېتىم كوز يەتكۇزدۇق.

ئالمۇتا شەھىرى تۇركسىب ناھىيەسىنىڭ سۇلتانقورغان مەھەللىسىدىكى 101 - ئۇيغۇر مەكتۇپى كېيەش ئىنتىپاقنىڭ قەھرىمانى مەسۇم ياقۇپوۋ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. مەكتەپ مۇدىرى ئىمھانەم توختاخۇنوۋا. مەزكۇر مەكتەپتە بىلىم ئېلىۋاتقان 900 ئوقۇغۇچىغا 54 مۇئەللىم دەرس بېرىدۇ، 1994 - 95 - ئوقۇش يىلىدا ئاتا - ئانىلارنىڭ تەلىۋى بىلەن مەزكۇر مەكتەپ تازا ئۇيغۇر مەكتۇپىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، ئۇ يەردىكى رۇس سىنىپلىرى باشقا مەكتەپكە كوچىرىلگەن. ئۇنىڭ ئۇچۇن، ئەلۋەتتە، ئۇرغۇنلىغان قارشىلىقلارنى، قىيىنچىلىقلارنى باشتىن كەچۇرۇشكە توغرا كەلگەن. ئالمۇتا شەھىرى بويىچە ئۇيغۇرلار ئەڭ كوپ ئورۇنلاشقان سۇلتانقورغان مەھەللىسىدىكى يۇرتداشلار ئوزلىرىنىڭ ئانا تىلىدا ئېچىلغان مەكتۇپىگە مەنىۋىي ۋە ماددىي يولەكچىلىك قىلىپ، ئۇنىڭ ئىشىغا يېقىندىن يار - يولەك بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئىلگىرى موشۇ مەكتەپنى تاماملىغان تىجارەتچى ۋىگىت ئۇرمەھەممەت ھوشۇرۇۋنىڭ بىيىلقى ئوقۇش يىلىنىڭ ئالدىدىكى مەكتەپنى رېمونتلاش ئىشىغا بىر يېرىم مىڭ ئا ق ش دوللىرى بەرگەنلىكى پەقەت شۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. شۇ مەھەللىدە ئىستىقامەت قىلىدىغان دىلمۇرات قوزىيېۋ، شېرىنبانۇم ئەلىيېۋا ۋە باشقىلار مەكتەپنىڭ يوقىنى بارۋېرىغىنى يېقىن قىلىشقا ھەر قاچان تەييار. ئايگۇل كارايېۋا باشچىلىقىدىكى ئاتا - ئانىلار كومىتېتى ئەزالىرى مەكتەپ كوللېكتىۋىغا يېقىندىن يار - يولەك بولۇپ كوپ يىللار مابەينىدە رۇس خاراكتېرىنى ئوزلەشتۇرۇپ ئالغان ئاتا - ئانىلار ئارىسىدا ئىش ئېلىپ بېرىشى جەريانىدا ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە ئوزگىرىشلەر پەيدا قىلىپ، نەتىجىدە ئۇيغۇر سىنىپلىرىغا كېلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى بارغانسېرى كوپىيىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئاقىۋىتىدە بىيىل ئۇ يەردە ئۇچ بىرىنچى سىنىپ ئېچىش پىلانلاشتۇرۇلۇۋاتىدۇ. (بۇنىڭدىن بىر ئاز يىللار ئىلگىرى مىڭ بىر مەشەققەت بىلەن بىرىنچى سىنىپقا 15 - 20 بالا ئاران ۋىغىپ ئېلىنىدىغان). دېمەك، بۇ مەكتەپنىڭ كەلگۈسىدە يەنىمۇ مۇكەممەل ئۇراقلىشىپ قالىدىغانلىغىغا كامىل ئىشەنچە ھاسىل قىلىشقا بولىدۇ.

ئالمۇتا شەھىرىنىڭ جېتىسۇ ناھىيەسىگە قاراشلىق زارە - ۋوستوكا مەھەللىسىدە ئۇيغۇر مەكتۇپىنىڭ ئېچىلىشى بۇ مەھەللىدە ياشايدىغان ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ بىر نەچچە يىللار مابەينىدا ھەر خىل قارشىلىقلارنى قايتماس ئىرادىلىرى بىلەن يېڭىپ چىقىشى بەدىلىگە ھەل بولغان ئىدى. نەتىجىدە مەھەللىدىكى رۇس مەكتۇپى تەركىۋىدىكى ئۇيغۇر سىنىپلىرى بولۇنۇپ چىقىپ، كىچىك ۋە يارامسىز بىر بىنادا بولسىمۇ مۇستەقىل ئۇيغۇر مەكتۇپى بارلىققا كەلدى. مەكتەپنىڭ ئوز ئالدىغا بولۇنۇپ چىقىش جەريانلىرىنى ئەسلىگەندە پىشقەدەم مەربىيەتچى ھاكىم مەشۇرۇۋ، يۇرت ئاكتىۋىستلىرىدىن ئابلىز خەيرى، مەرھۇم غىلاجىدىن پەخىردىنوۋ، تۇرسۇن قاھارۇۋ، ئابباس ئەلىيېۋ، ئابلىمىت خەيرىيېۋ، ئىسمايىل تېيىپوۋ ۋە باشقىلار ھەل قىلغۇچى رول ئوينىغان.

1990 - 1991 - ئوقۇش يىلىدا مۇستەقىل مەكتەپ بولۇپ چىقىپ، ئاتاقلىق ئالىم، ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى مۇرات ھەمرايېۋنىڭ نامى بېرىلگەن بۇ مەكتەپ دەسلەپ 170 ئوقۇغۇچى بىلەن ئىشىگىنى ئاچقان بولسا، ئوتكەنكى ئوقۇش يىلىدا ئۇنىڭدا 550 ئوقۇغۇچى ئوقۇپ بىلىم ئالدى. بۇ كۈنلەردە رابىيەم ئەخمەتوۋا باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان مەكتەپتە 30 دىن ئارتۇق ھەر خىل پەن مۇئەللىملىرى ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ مەكتەپنىڭ ئالدىغا دۇچ كەلگەن ئېغىرچىلىقلىرىمۇ ئاز بولغىنى يوق. سىنىپ بولۇملىرى يېتىشمەي، ئۇچ سىمېنىدا ئوقۇيدىغان بالىلارنىڭ بىلىم ئېلىش سۇپىتىنىڭ تەبىي ھالدا ناچار بولىدىغانلىقى سەۋەبىدىن مەكتەپنى ساقلاپ قېلىش كېرەكمۇ، ياكى ئىلگىرىكى چوڭ رۇس مەكتۇپىگە قايتىدىن قوشۇۋېتىش كېرەكمۇ دېگەن پىكىرمۇ تۇغۇلغان.

ھازىرقى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار دەۋرىدە دولەت خىراجىتى بىلەن مەكتەپ سېلىش ناتايىن بولغانلىقتىن مەكتەپنى ساقلاپ قېلىش ئۇچۇن يۇرت ئاھالىسى ئەندى ئوز كۈچلىرىگە تايىنىش قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ژۇقۇرى ئورۇنلاردىكى رەسمىيەتلەرنى ھەل قىلىش يۈزىسىدىن شەھەرلىك مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى رەھمجان قاسىموۋقا مۇراجەت قىلىنىپ، ئۇ كوپچىلىكنىڭ تەلىۋى بويىچە ئىشقا كىرىشتى. قەغەز يۈزىدە رەسمىيەتلەرنى ھەل قىلىش بۇ بىر گەپ، ئەندى ئەڭ ئاساسىي ئۇنىڭ ئۇچۇن خىراجەت كېرەك. مەھەللىدىكى توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراقلاردا بۇ مەسىلە ئۇستىدە سوز بولۇپ، ئاخىرى يۇرتداشلار مەكتەپ سېلىش قارارىغا كېلىشتى. نەتىجىدە ئويمۇ - ئوي ۋۇرۇپ، ئالدى - كەينى بولۇپ 25 مىڭغا يېقىن ئاق ش دوللىرى ۋىغىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا تىجارەتچىلەردىن خەيرى - خاھلىق ياردەم قىلغۇچىلارمۇ بولدى. يۇرتداشلىرىنىڭ ئەينە شۇنداق مەردانىلىق كورسىتىشى ئاقىۋىتىدە بىيىلقى ئوقۇش يىلىغا يېڭى مەكتەپ بىناسى سېلىنىپ پايدىلىنىشقا بېرىلدى.

ئالمۇتا شەھىرى تۇركسىب ناھىيەسىدىكى 89 - رۇس مەكتۇپى يېنىدا ئېچىلغان ئۇيغۇر سىنىپلىرىدا ھازىر 220 ئوقۇغۇچى ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئېچىلىشى توغرىسىدا سوز بولغاندا دەسلەپكى تەشەببۇسكارلىرىنىڭ بىرى بولغان ۋە ئۇنىڭ تەشكىللىنىشىدە كوپ كۈچ چىقارغان مىللەتپەرۋەر ۋىگىتلىرىمىزنىڭ بىرى ئابدۇخالىق ھەمرايېۋنىڭ، شۇنداقلا ئۇ مەكتەپتىكى ئۇيغۇر سىنىپلىرىدا ئىلمىي مۇدىر بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتقان ئاسىيەم يۇسۇپوۋالارنىڭ ناملىرىنى ئالقىشلاش بىلەن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ يەردە ئىشلەۋاتقان ئونىككى مۇئەللىمنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ھەر خىل پەنلەر بويىچە مەخسۇس بىلىمگە ئىگە مۇتەخەسسىسلەر. زامانىۋىي تېپتا سېلىنغان، بۇ ئاھايىتى چوڭ مەكتەپ بىناسىنىڭ بىر تەرىپى ئۇيغۇر سىنىپلىرى ئۇچۇن بولۇپ بېرىلگەن.

- بىزنى كوپ يىللاردىن بېرى توسقۇنلۇقلارغا دۇچ كەلتۇرۇپ، بېسەرەمجان قىلىپ كېلىۋاتقان ئەھۋاللارنىڭ بىرى ئۇيغۇر تىلىدىكى دەرسلىكلەرنىڭ كامچىللىقى ئىدى، - دەيدۇ ئىلمىي مۇدىر ئاسىيەم يۇسۇپوۋا، - ئاخىرى ئۇنىڭ كەينىدە ۋۇگىرەپ ۋۇرۇپ، ئۇ قىيىنچىلىقلارنى تولۇق بولمىسىمۇ ھەر ھالدا بىر قەدەر ھەل قىلىۋالدۇق. ئۇيغۇر سىنىپىدا ئىشلەۋاتقان مۇئەللىملەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ كېلىۋاتقانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مەكتەپ مۇدىرى ۋ. گولوبىيېۋ كەلگۇسىدە ئۇيغۇر سىنىپلىرىنىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ كەڭەيتىشنى كوزدە تۇتۇۋاتىدۇ. مەكتەپنىڭ بىرىنچى سىنىپىغا يىلدىن - يىلغا كېلىۋاتقان بالىلارنىڭ سانىنىڭ ئوسۇۋاتقانلىقى شۇنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر. ئەينە شۇ مۇۋاپىقىيەتكە قول يەتكۇزۇش مەھەللىدە كوپ يىللاردىن بېرى يۇرت بېگى بولۇپ ئىشلەپ كەلگەن قېيىم كېبىروۋ، تۇرسۇن ھوسمانوۋ ۋە ئەنۋەر قۇرۋانوۋپىيېۋلار ۋە مەكتەپ بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولۇپ، ھامىيلىق قىلىپ، كېلىۋاتقانلارنىڭ ياردىمىگە باغلىق بولۇۋاتىدۇ.

شەھەرنىڭ ژېتىسۇ ناھىيەسىگە قارايدىغان ھوجەمەت مەھەللىسىدىكى 156 - مەكتەپتە ئۇيغۇر سىنىپلىرى 1988 - يىلدىن باشلاپ ئېچىلغان. ئۇ يەردە ئانا تىلىدا ئوقۇۋاتقان 250 ئوقۇغۇچىغا 7 پەن مۇئەللىمى دەرس بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. كوپ يىللار ئۇيغۇر ئاھالىسىغا ئارىلىشىپ ۋۇرۇپ، ئىچ - سىر ئېلىشقان، ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەپ كەلگەن مەكتەپ مۇدىرى قابدۇللا ساغىمبېكوۋنىڭ سەمىمىي ھىمايىسى ئارقىسىدا ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر سىنىپلىرىغا ئالاھىدە كوڭۇل بولۇنۇپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر سىنىپلىرى كابىنېتلىرى ئۇچۇن مەكتەپنىڭ بىر قىسمى ئاجرىتىلىپ بېرىلگەن. ئۇ سىنىپلارنى كوزدىن كوچۇرۇپ چىققىنىمىزدا بۇ يىلقى ئوقۇش يىلىغا پەن مۇئەللىملىرىنىڭ ئوز كابىنېتلىرىنى مىللىي ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ئاھايىتى سەرەمجان بېزەپ چىققانلىقىغا قايىل بولدۇق. مەكتەپ مەمۇرىيىتى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر سىنىپ مۇئەللىملىرى ئاھالە ئارىسىدىكى مىللىي غۇرۇرى ئۇستۇن يۇرت مۇتىۋەرلىرى، بەگ ۋە ئاكتىۋىستلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىگە سۇيەنگەن ھالدا بىرلىكتە ئىش ئېلىپ بارسا، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر سىنىپلىرىدا ئوقۇيدىغان بالىلار سانىنىڭ يەنە كوپىيىدىغانلىقى چوقۇم.

ئالمۇتا شەھىرىدىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ئارىسىدا تەغدىرى تەشۋىشلىك ھالغا چۈشۈپ قالغانلىرى شەھەرنىڭ مېدېۋ ناھىيەسىگە قاراشلىق كورنىي گىگانت مەھەللىسىدىكى 77- ۋە ئەۋېزوۋ ناھىيەسى ئىنىچلار مەھەللىسىدىكى (رابوچى پوسېلوك) 109 - مەكتەپلەردىكى ئۇيغۇر سىنىپلىرىدۇر. شۇ نەرسە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىكى، كورنىي گىگانت مەھەللىسى ئالمۇتا شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلار كوپ ئورۇنلاشقان مەھەللىلەرنىڭ بىرى. كورنەكلىك زىيالىلار قەدىرىياتلىرىمىزنى ھىمايە قىلىدىغان تەرەققىيپەرۋەر پىكىرلىك كوپلىگەن كىشىلەر ئىستىقامەت قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ يۇرت ئاھالىسىنىڭ خەلقىمىز ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك جەمىيەتلىك ئىشلاردا، ھېمىشەم ئالدىنقى قاتاردىن كورۇنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىنخرار قىلىنىش زورەتتى. ئېمىشكىدۇ ئەۋلادلىرىمىزنىڭ تەغدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ ھاياتى ئەھمىيەتلىك ئىشتا كەينىگە داجىپ قالغانلىقىنى چۈشىنىكسىز.

- ئاقىۋەتتە نېمە بولارىنى بىلمەيمىز. مۇئەللىملىرىمىز كوچىمۇ - كوچا ۋۇرۇپ بىيىلقى ئوقۇش يىلىنىڭ بىرىنچى يىلىغا ئاران سەككىز بالىنى تىزىملاپ ئالدۇق. ئاتا - ئانىلىرىنىڭ كوپچىلىكى بالىلىرىنى رۇس سىنىپلىرىغا بېرىشكە ئوتتۇۋاتىدۇ، - دەپ ئوزلىرىنىڭ ئېغىر ئەھۋالىنى ئىزھار قىلىدۇ مەكتەپتىكى ئۇيغۇر سىنىپلىرى بويىچە ئىلمىي مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان گۇلنار يۇسۇپوۋا. مەكتەپ مۇدىرىمىز تامارا لابوئوتىنا ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ئۇچۇن بىزگە تېگىشلىك ياردىمىنى كورسىتىۋاتىسىمۇ، ھازىرچە ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە چىقمايۋاتىدۇ. ئەھۋال مۇنداقلا بولسا ئۇيغۇر سىنىپلىرىنىڭ تەغدىرى ھالاكەتلىك بىلەن ئاياقلىشىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىدە مەخسۇس ماقالىلارمۇ بېسىلدى. ھازىرغىچە ئۇنىڭدىنمۇ بىردىر نەتىجە چىقمايۋاتىدۇ.

بىيىل ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئالدى سەككىزىنچى سىنىپقا چىققان ئىنىچلار مەھەللىسىدىكى 109 - مەكتەپتە ئۇيغۇر سىنىپلىرىنىڭ ئېچىلىشى ئۇيغۇر ئاياللىرى ئارىسىدا جەمىيەتلىك ئىشلارغا ئاكتىپ قاتنىشىپ كەلگەن ئەنخەتەردەم ئەخمەتوۋانىڭ تەشەببۇسى ۋە كوچ چىقىرىش بىلەن ھەل قىلىنغان ئىدى. لېكىن ئۇ سىنىپلارمۇ كەڭ قانات يېيىپ كېتەلمەي تەغدىرى مۇشكۇللۇك ھالغا چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدا بارلىقى بولۇپ 75 بالا ئوقۇيدۇ. راست، بۇ مەھەللىدە باشقا يەرلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇر ئاھالىسى كوپ ياشىمايدۇ. شۇنداقمۇ بار بولغان ئۇيغۇر ئائىلىلىرى بالىلىرىنى ئوز ئانا تىلىدا ئوقۇتۇشقا بەرسە، ھەر يىلى تولۇق بىر سىنىپ ئېچىلىپ كەلگەن بولار ئىدى. ئەپسۇسكى، شۇ ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى رۇس تىلىدا ئوقۇتۇشقا خۇمارلىقى ئۇيغۇر سىنىپلىرىنىڭ تەغدىرىنى ئەينە شۇنداق ئېغىر ئاقىۋەتكە ئېلىپ كەلمەكتە.

ئالمۇتا شەھىرىدىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرى، سىنىپلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇچۇن ئورتاق پروبلېما، - ئۇلاردا دەرسلىك قوراللىرىنىڭ يېتىشمەسلىكى بولۇۋاتىدۇ. لېكىن بۇ ھازىرقى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار يۈز بېرىۋاتقان دەۋرىمىزدە پەقەتلا ئۇيغۇر مەكتەپلىرى ئۇستىگە چۈشۈۋاتقان مۇشكۇللۇك ئەمەس ئېكەنلىكىنى مۇۋاپىق ھېس قىلىشىمىز لازىم. شۇنداقمۇ تولۇق بولمىسىمۇ نەشرىياتتىن يېڭىلىپ چىققان ھەر خىل دەرسلىك قوراللىرى ئۇستىدە ئازلىرىدە ئورنىتىپ، ئۇلارنى مەكتەپلەرگە مۇۋاپىق تەخسىم قىلىپ يەتكۇزمەسلىك ئىيۇشنىڭ بىر تەرىپى ئۇزىمىزدە بولۇۋاتىدۇ. شۇنداقلا ناھىيەلىك مائارىپ بولۇملىرىنىڭ چەتتە قالدىدا تۇرغان دەرسلىكلەرگە ئالدىن - ئالا بۇيرۇتما بېرىپ، ئوز تەۋەسىگە ئاغدۇرۇشقا جىددىي كوڭۇل بولمەيۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن ئۇ دەرسلىكلەر ئوبلىكىتكا خادىملىرىنىڭ بېپەرۋالىغىدىن باشقا ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەرگە ئەۋەتىلىپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بەرمەكتە. قانداقلا بولمىسۇن، بۇنىڭ بىر مۇۋاپىق يولىنى تېپىش كېرەك ئىدى. بۇ ئەھۋال ئوز نۇۋىتىدە ئاتا-ئانىلارنىڭ ئوز پەرزەنتلىرىنى ئانا تىلىدا ئوقۇتۇش خاتىشىدىن چەتتەشتۇرۇشكە ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقىمۇ مەلۇم. لېكىن بەزى ئاتا- ئانىلار ئارىسىدىكى بالىلار باشقا تىلدا ئوقۇسا ئەۋلىيا، دانىشمەن بولۇپ كېتىپ، ئوز ئانا تىلىدا ئوقۇسا بىلىمسىز بولۇپ قالىدۇ دېگەن ناتوغرا پىكىر بىلەن مۇتلەق كېلىشىشكە بولمايدۇ.

ئۇمۇمەن ھەر قانداق باھانە - سەۋەبلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، مىللىيلىكىمىز، تىلىمىز، مىللىي مەدەنىيەت، ئورپى - ئادەتلىرىمىز، ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ كەلگۇسى مىراسخورى بولۇپ قالغۇسى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ تەغدىرىنى چوڭقۇر ئويلاپ، ئۇلارنى توغرا يولغا سېلىش ھەممىمىزنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىمىزدۇر.

سىرلىق ئالەم

رىياللىقتىكى «ئەۋلىيا»

ياكى يېغىۋاتقان يامغۇرنى توختاتقان، ئۈرۈك قېقىنى تاشپاقىغا، تاشپاقىنى ئالتۇن ئۈزۈككە ئايلاندۇرغان قۇربانجاننىڭ كارامىتى

ئىنسانىيەت تارىخىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كۆرۈلمىگەن مۇنداق ئىشنى كۆرگەن، ئاڭلىغان ھەر قانداق كىشىنىڭ: «تۇۋۋا، بۇ قانداق خىسلەت؟ بۇ قانداق كارامەت؟ بۇ قانداق موجىزە؟... بۇ بىر «ئەۋلىيامۇ» نېمە؟» دەپ ياقىسىنى تۇتۇپ ھەيران بولۇشى، ئۇنىڭ كارامەتلىرىگە ئىشىنىش، ئىشەنمەسلىكنى بىلمەي قېلىشى مۇمكىن. 16 - ئەسىردە ياشىغان فرانسىيەلىك ئوستىرا دامۇس ئالدىن بېشارەت بەرگۈچى قۇدرەتكە ئىگە ئىدى. ئوستىرا دامۇسنىڭ پائالىيىتى ياۋروپالىقلاردا خەلق رىۋايەتلىرىگە ئايلىنىپ، كىشىلەر ئۇنىڭ نامىنى ھازىرغىچە «ئەۋلىيا مىكائىل» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

ئەندى قۇربانجاننىڭ كارامىتى كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ ئالدىن بېشارەت بېرىش بىلەن بىللە جانلىق نەرسىنى جانسىز نەرسىگە، جانسىز نەرسىنى جانلىق نەرسىگە ئايلاندۇرۇش، ھەتتا يېغىۋاتقان يامغۇر بىلەن چىقىۋاتقان شامال - بورانني توختىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇ سېھىرگەر ئەمەس، ئۇ ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىسى!

1953 - يىلى 21 - سېنتەبىر كۈنى ئۇيغۇرلار دىيارىدىكى مەكىت ناھىيەسىنىڭ يانتاق يېزا ئويي بۇغداي كەنتىدە تۇغۇلغان قۇربانجاننىڭ كارامىتىگە جۇڭگودىن تاشقىرى دۆلەت يا جامائەتچىلىكمۇ تاڭ قالماقتا. قۇربانجاننىڭ



كىشى ھەيران قالارلىق خىسلىتى بىلەن ھەر خىل كارامەتلىرىنى كۆرسىتىپ، سەيىمدىن سەئىدى «رىياللىقتىكى «ئەۋلىيا»» ماۋزۇلۇق كىتابچە يېزىپ، تېخى يېقىندا «شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدىن» چىقارغان. تۆۋەندە مەخسۇس مۇخبىرىمىز ئالىمجان باۋدۇنوۋنىڭ قۇربانجاننىڭ شۇ خىل موجىزىكار خىسلەتلىرىنى بايان قىلىدىغان ئەشۇ كىتاب ئاساسىدا تەييارلىغان ماتېرىيالىنى كېزىتخانلىرىمىزغا ھاۋالە قىلىۋاتىمىز.

1995 - يىلى 11 - سېنتەبىر كۈنى ھاۋا ئوچۇق ئىدى. توكيودىكى ئەڭ گۈزەل مەنزىرىلىك ئورۇنغا جايلاشقان، ئەتراپىدا رەڭگا - رەڭ گۈل - چېچەكلەر ئېچىلغان بىر داچا ئادەتتىن تاشقىرى قايناق - تاشقىنلىققا چۆمدى. ئۇزۇن كۆزلەر بېشىغا چىكەن دوپپا، ئۇچىسىغا يارىشىملىق كانۋاي كۆينەك كىيگەن، شىنجاڭ ئىككى دولىسىدىن چۈشرىپ ئاسما ئېسىۋالغان، ئىككى مەكىزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، بەستلىك، قوڭۇر چاچ، بوتا كۆز، ئاق سېرىق، ۋۇجۇدىدىن بىر خىل غەيرەت - شىجائەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان 44 - 45 - ياشلاردىكى بىر ئۇيغۇر ژىگىتكە تىكىلدى. ئۇلار بۇ ئۇيغۇر ژىگىتنىڭ قانداق كارامەتلىرى بارلىقىنى بىلىشكە ئالدىراتتى. بۇ سورۇندا يەنە ياپونىيە باش ۋەزىرى، قۇرۇلتاي، دېڭىز، ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ ئەمەلدارلىرى، مەشھۇر كارخانىچىلار، [illegible]

دانە كارتا چىقتى! سورۇندىكىلەر ئۇ كارتىنى بىر - بىرلەپ كۆرۈشتى ۋە بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە: «بۇ قانداق ئىش؟ تەخسىنى دۈم كۆمتۈرگەن چاغدا ھەممىگە بىر - بىرلەپ كۆرسەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كارتىلار باشقا بىر كىشىنىڭ قولىدا ئىچىك سىقىملانغان تۇرسا، ئۇ تورت دانە كارتا مەككەم سىقىملانغان ئىككى ئالقان ئارىسىدىن قانداقچە تەخسىنىڭ ئاستىغا كىرىپ قالدى؟...» دەپ پىچىرلاشتى.

قۇربانجان سورۇندىكىلەرنى يەنىمۇ ھەيرەتتە قالدۇرۇش نىيىتىدە، ئەسىر - ئەتتەقە ۋازارىتىنىڭ باشلىقىدىن بىر قەغەز 1000 ياپونىيە يېنى (پۇلنى) ئېلىپ، ئالقىنىدا يوقىتىپ بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا 100 ئامېرىكا دوللىرىغا

كىزمۇ سېھىرگەر ئەمەس، ئۇ ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىسى! قۇربانجاننىڭ كارامىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن ھەر قانداق كىشى ئۇنىڭ بۇنداق چۆۋالا خىسلىتىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەسلىكى، مېيىغىدا كۈلۈپ قويۇشى مۇمكىن. لېكىن، كارامەتلىرىنى ئەق مەيداندا كۆرگەنلەر بۇ كارامەتلەرنىڭ قانداق «سىر» ئىكەنلىكىنى ئويلىماي تۇرالمايدۇ. ئالايلى، ئۇنىڭ تاشنى مېۋە - چېۋىگە ئايلاندۇرۇپ باشقىلارغا يېگۈزۈشى ياكى ئۆزى يېيىشى، مىتال پۇلنى ئۆكتىپ پاراشوك ھالىتىگە كەلتۈرۈپ يەنە پۇتۇنلىشى... 10 يۇەنلىك پۇلنى 100 يۇەنگە، 100 يۇەنلىك پۇلنى 10 يۇەنگە ئۆزگەرتىۋېتىشى، جانسىز نەرسىنى جانلىق نەرسىگە، تۈپىنى قۇ-

لمىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي يامغۇر توختاپ قۇياش پارلىدى. ئادىل نەچچە يۈز مىڭ تاماشىبىننى ھەيران قالدۇرۇپ، دەريادىن بىخالال ئۆتتى.

قۇربانجاننىڭ يېغىۋاتقان يامغۇرنى توختىتىشتەك كارامىتىنى چەت ئەللەردە تۇرۇپ ئاڭلىغان ئامېرىكا ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى دوكتور دولقۇن مەخسۇس كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ ئىشەنمىگەندەك قىلغاندا، قۇربانجان دولقۇننىڭ قولىدىكى دوكتورلۇق ئۇنۋانىنىڭ سىمۇولى بولغان بىر مىلىون يۇەن قىممىتىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكنى شۇ مەيداندىلا مىس ئۈزۈككە ئايلاندۇرىۋەتتى...

1996 - يىلى ئۆكتەبىردە ئاۋتونوم رايونىنىڭ

ئايلاندۇرىۋەتتى. بۇ ئىش مەيداندىكىلەرنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇردى. ئۇ يەنە سىرتتىن بىر نەچچە تال كۆك تاشنى ئەكىرگۈزۈپ، ساھىپخاننىڭ قولىغا مەككەم سىقىملىتىپ، بىر ئازدىن كېيىن ياپون دېڭىزى تاشپاقىسىغا ئايلاندۇرغاندا، سورۇندىكىلەر قىزىقىقىنىدىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى...

قۇربانجان ياپونىيەدىكى سەپىرىنى تاماملاپ قايتىشتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى ياپونىيە يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش، ئالدىنى ئېلىش ئورنىنىڭ مەسئۇلىغا:

- سىلەرنىڭ ياپونىيەدە 96 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە بىر قانچە قېتىم يەر تەۋرەيدۇ، سەگەك بولۇشلار كېرەك، - دېدى.

بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە ياپونىيەنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە ناھايىتى تېز تارقىلىپ، شىنجاڭلىق قۇربانجاننىڭ گۇمانىي كوز قارىشى ھەرخىل مۇنازىرىلەرنىڭ باش تېمىسى بولۇپ قالدى.

دەرۋەقە، 96 - يىلدا ياپونىيەدە قاتتىق يەر تەۋرەپ، قۇربانجاننىڭ بېشارىتى توغرا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ياپونىيە ئەخبارات ئورۇنلىرى قۇربانجان ھەققىدە «ئالدىن بېشارەت بەرگۈچى»، «ئاز ئۇچرايدىغان ئىقتىدار ئىگىسى» دېگەن تېمىلاردا ماقالىلار ئېلان قىلدى. ياپونىيەلىك بىر ئەمەلدار: «قۇربانجان، بىز سىزگە قايىل، ئەگەر خالىسىڭىز سىز بىزنىڭ مەملىكىتىمىزگە كۆچۈپ كېلىڭ، سىزگە بىز ھەر ئايدا جۇڭگو پۇلىغا سۇندۇرغاندا بىر مىللىون يۈەن بېرەيلى، پۈتۈن ئائىلىڭىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بىر يۈرۈش قوروجاي ھازىرلاپ بېرەيلى. يەنە قانداق تەلىۋىڭىز بولسا دېسىڭىز، ئۇنىمۇ ئورۇنلاپ، بېرەيلى» - دېدى. قۇربانجان رەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «مەن ۋەتەندىن، قان - قېرىنداشلىرىمدىن ئايرىلالمايمەن. سىلەرنىڭ بۇ ھۆرمەت، ئىلتىپاتىڭلارغا مىڭ مەرتىۋە رەخمەت، ۋاقىت يار بەرسىلا يەنە كېلىپ كەتسەم بولىدۇ. ئۆز ئارا باردى - كەلدى قىلىشىپ، تېخىمۇ چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتايلى...».

* * *

قۇربانجان ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونلۇق سېرك ئۆمىكىدە ئىشلەيدۇ. ئۇ ھەر-

رۇتقا، تاشنى تاشپاقىغا، بىر تۇتام قارتا قەغىزىنىڭ ئىچىدىكى بەلگۈ سېلىنغان بىر نەچچە دانىسىنى كويدۇرۇشى، پۇلنى باشقىلارنىڭ قولىدا چىڭ سىقىملىتىپ ئالقاندىن ئوتكۈزۈۋېتىشى، كارتا قەغىزنى بىر ئۆيدە تۇرۇپ يەنە بىر ئۆيگە چىقىرىۋېتىشى، باشقىلار تەسەۋۋۇر قىلىغان ھەر قانداق ئىشنى ئويلاپ تېپىشى، دوختۇرلار ئېنىقلالمىغان ھەر قانداق كېسەلنى دىئاگنوز قويماي تۇرۇپ توغرا ئېيتىپ، ئامال قىلىش چارىلىرىنى كورسىتىپ بېرىشى، دوختۇرلار داۋالاشقا چارىسىز قالغان كېسەللەرگە دورا بەرمەي تۇرۇپ داۋالىشى، ھەر قانداق قىيىن، مۇرەككەپ، چىگىش مەسىلىلەرگە جاۋاپ بېرىشى، ئاسترونومىيە، گېئولوگىيە، قىدىرىپ تەكشۈرۈش، سۇچىلىق، ئورمانچىلىق، بوتۇلكا ئىچىدىكى ھاراقنى سۇغا ئايلاندۇرۇۋېتىش، يېغىۋاتقان يامغۇرنى، چىقىۋاتقان شامال - بورانني توختىتىشتەك يۈز نەچچە خىل كارامىتى ئۇنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كورسەتمەكتە.

1996 - يىلى 23 - ئىيۇن كۈنى جۇجياڭ دەرياسىدىن سىم باغلاپ ئۆتۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. بىر كۈن ئىلگىرى ھاۋارايى مەلۇماتى بويىچە 23 - ئىيۇندا قاتتىق يامغۇر ياغىدىغانلىقى ئېلان قىلىنغان ئىدى. سېرك ئۆمىكىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن دارۋاز ماھىرى ئادىل قانداق قىلىشنى بىلمەي قاتتىق تەشۋىشلەندى. ئۇلار ئالالاتاتالادىن بىر كۈن، بىر سائەت بولسىمۇ يامغۇرنى توختىتىپ تۇرۇشنى تىلەشتى. شۇندا قۇربانجان ئۆز تەبىئىتىگە خاس تەمكىن ئاۋازدا: «خاتىرجەم بولۇڭلار، ئىنىم ئادىلنىڭ جۇجياڭدىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈشىگە مەن كېپىل، ئادىل ئەتە جۇجياڭدىن ئۆتىدىغان چاغدا، يېغىۋاتقان يامغۇرنى توختىتىپ، ئادىلغا ئاسايىشلىق يارىتىپ بېرىمەن» دېدى...

شۇ كۈنى كېچىسى قۇربانجان ئۇخلىماي، ئاللىقانداق ھەرىكەتلەرنى قىلىپ تاڭ ئاتقۇزدى. ئەتىسى دېگەندەك يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. بېجىن ۋاقتى سائەت 12 دە ئادىلنىڭ دەريادىن ئۆتۈش ۋاقتى ئىدى. سائەت 11 يېرىم بولۇشى بىلەنلا قۇربانجان ئىككى قولىنى كوتىرىپ، ئاسمانغا قاراپ ھەرىكەت قىلىشقا باشـ

بىر رەھبىرى قۇربانجاننىڭ بېجىندا ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ بېجىندا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىغا چاقىرىپ كېلىپ، بېجىن شەھىرىنىڭ، شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئەجايىپ كارامەتلىرىنى كوردى. بۇ مەيداندىكى ئويۇننىڭ بىرى مۇنداق بولدى:

قۇربانجان ھېلىقى رەھبەرگە يانچۇقىدىن 400 يۈەن ئېلىپ، پۇلنىڭ نومۇرىنى بىر - بىرلەپ ئېنىق يېزىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. قۇربانجاننىڭ تەلىۋى دەرھاللا ئورۇنلاندى. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇربانجان يەنە ئۇ رەھبەرگە پۇلنى ژىتىپ، بىر قانچە يۈز پارچە قىلىپ بېرىشنى ئېيتتى. رەھبەر: «ياق، مەن بۇ بىر ئويۇنغا 400 يۈەنگە كورمەيمەن» دەپ چاقچاق قىلدى. «قورقماڭ، ژىتىڭ، ئەسلىگە كەلتۈرەلمىسەم، مەن تولەپ بېرىمەن» دېدى قۇربانجان.

شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى رەھبەر 400 يۈەننى ئۆز قولى بىلەن چوكىلىغىنى قوناقتەك، كىچىكلىكىنى تېرىقتەك قىلىپ ژىتتى. قۇربانجان: «ئەندى ئېغىزىمغا سېلىڭ» دەپ ئاغزىنى ئېچىپ تۇردى. رەھبەر ژىتىلغان پۇلنى قۇربانجاننىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدى. قۇربانجان ئۇنى چايناپ - چايناپ، كەينىدىن بىر ستاكان قايناق سۇ ئىچىپ، ئېغىزىدا پۇلنى خەمىردەك ۋۇغاردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇڭ قول، سول قول بارماقلىرىنى ئاستا - ئاستا ئېغىزىغا ئاپىرىشقا باشلىدى، بىر ھازدىن كېيىن ئۇنىڭ چىرايلىرى ئۆزگىرىپ كەتتى. لېكىن كۆزلىرى يەنىلا كۈلۈپ تۇراتتى.

ئارىدىن مىنۇت ئۆتتى بولغاي، پۇلنىڭ بۇجەكلىرى قۇربانجان ئېغىزىدىن ئاستا - ئاستا چىقىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، 100 يۈەنلىك پۇلدىن تورت دانىسى ئارقا - ئارقىدىن چىقتى. چىققاندىمۇ ھازىرلا بانكىدىن چىقىرىلغان پۇلدەك يېپ - يېڭى ھالدا تاراقشىپ چىقتى. رەھبەر ئۇ پۇللارنى قولىغا ئېلىپ، ئالدىدا يېزىۋالغان پۇلنىڭ نومۇرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كورۈۋىدى، ئەشۇ نومۇرلارنىڭ ئۆزى! سورۇندىكى ھەممەيلەن بىر دەك: «قۇربانجاننىڭ كارامىتى زور. ئۇ ھەقىقەتەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخرى بولۇشقا مۇنا-

سىپ دېيىشتى.

1996 - يىلى يانۋار ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى مەدەنىيەت نازارىتىدىكى بىر قىسىم مەسئۇل خادىملار ۋە كادىرلار ژىغىلغان سورۇن ئىدى. ئۇلار ھاراق ئىچىشكە باشلىدى. شۇندا قۇربانجان: «مەن بار سورۇندا ھاراق ئىچمەسەڭلار بولامتى؟» دېدى. كوپچىلىك قۇربانجانغا قاراشتى. قۇربانجان: «ئەمىسە مەن ھارىغىڭلارنى سۇغا ئايلاندۇرۇپ بېرەي، ئاندىن ئىچىڭلار» دېدى. سورۇن ئەھلى ماقۇل بولۇشتى.

قۇربانجان قويۇلۇۋاتقان بىر بوتۇلكا «ئىلى ئالىي ھارىغى»نىڭ ھەممىسىنى چوڭ چىنىگە تولۇق قۇيدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ، سورۇندىكىلەرگە ئالدى بىلەن چىنىدىكى ھاراقتا بىر - بىرلەپ ئېغىز تەككۈزۈپ بېقىشنى بۇيرىدى. ئاندىن قۇربانجان قاتتىق ۋاقىراپ، بىر كۈچ كورسىتىۋېدى، چىنىدىكى ھاراق ئادەتتىكى سۇغا ئايلىنىپ كەتتى. سورۇندىكىلەر چىنىدىكى «ھاراقتا» بىر قوردىن تىلىنى تەككۈزۈپ، ھەيران قېلىشتى.

1996 - يىلى ئىيۇل ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى قۇربانجان، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى - تەرجىمان گۈلمېھرە، يەنە بېجىندىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ جەمئىي بەش كىشى بېجىندىن - لەنجۇغا بېرىش ئۈچۈن ئايروپىلان بېلىتى ئالدى. شۇندا قۇربانجان: «بۈگۈن ئايروپىلان لەنجۇغا بارالمايدۇ. بارسىمۇ قايتىپ كېلىدۇ، بىز ئايروپىلانغا چىقمايلى» دېدى. بىز كەينى ئاڭلىغان تورت كىشى خاپا بولدى.

ھالبۇكى، ئايروپىلان ئۇچۇپ لەنجۇغا بارغان بولسىمۇ، يەرگە چۈشەلمەي قايتىپ كەلدى.

1997 - يىلى 5 - فېۋرال كۈنى سائەت 10 دا ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت كىتابخانىسىنىڭ دىرېكتورى يالقۇن ئابدۇكېرىمنىڭ ھوزۇرىدا قۇربانجان ئالدى بىلەن باشقا سورۇنلاردا داۋاملىق كورسىتىپ كېلىۋاتقان يوقالغان نەرسىلەرنى تېپىش، ئوغرىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىش ۋە بىر قانچە تۈرلۈك كارتا كارامەتلىرىنى كورسىتىپ بەرگەندىن كېيىن، ئويي ئىگىسىگە بىر دانە گۈلقاق ئېلىپ بېرىشنى بۇيرىدى.

ئۈرۈك قېقى ھازىرلاندى. قۇربانجان قاقنى ئابدۇراخمان ئاكىغا تۇتقۇزۇپ، ئىككى قولىنىڭ ئالقىنىدا مەككەم سىقىمداپ تۇرۇشنى بۇيرىدى. ئاندىن ئۇ بىر ئىبارىلەرنى پىچىرلاپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ئازدىن كېيىن قۇربانجان ئابدۇراخمان ئاكىدىن: «قولىڭىز قىزىدىمۇ، مىدىرلاۋاتامدۇ؟» دەپ سورىدى. «ھە، قىزىدى، مىدىرلىدى. قولۇمنى ئاچايمۇ؟» دەپ سورىدى. «ئۇنداق بولسا ئېچىڭ، كوپچىلىككە كورسىتىڭ. ئالدىڭىزدىكى داستىكى سۇغا تاشلاڭ» دېدى.

ئابدۇراخمان ئاكا ئالقىنىنى ئېچىپ ئۈرۈك قېقىنىڭ تاشپاقىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كورۈپ قورقۇپ كەتتى. كوپچىلىككە قولىدا بىر ئاز توختىتىپ كورسىتىشكىمۇ جۈرئەت قىلالماي دەرھاللا داستىكى سۇغا تاشلاۋەتتى. سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى چەمبەر سىمان بولۇپ تاشپاقىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتى. تاشپاقا بىر ئازدىن كېيىن بويىنىنى چىقىرىپ، پۇتلىرىنى كېرىپ سۇدا ئەركىن ئۈزۈشكە باشلىدى.

سورۇندىكىلەر تاشپاقىنى قولدىن - قولغا ئېلىپ كورۈشتى. قۇربانجان تاشپاقىنى قولىغا ئېلىپ، ئىچىدە بىر ئىبارىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنى ناھايىتى چىرايلىق، كوركەم ئالتۇن ئۈزۈككە ئايلاندۇرۇپ يالدامىا سۇيىتىدە ئويي ئىگىسىگە سوغا قىلدى.

1996 - يىلى قۇربانجان ئامېرىكىغا بېرىپ، كوپلىگەن كارامەتلىرىنى كورسىتىش بىلەن سەككىز يىل دوختۇرخانىدا يېتىپ ساقايالمىغان بىر ئەمەلدارنىڭ ۋۇرەك كېسىلىنى يىلتىزىدىن داۋالاپ ساقايتتى. شۇنداقلا ئامېرىكىدىكى ئەڭ ئالىقلىق دوختۇرلار، پروفېسسورلار ھەر قانچە داۋالاپمۇ نەتىجە چىقىرالمىغان كوزى تۇتۇلۇپ كورمەس بولۇپ قالغان بىر كىشىنىڭ كوزىنى ئېچىۋەتكەن ۋە ئۆزىنىڭ قۇدرەت - كامالىتى بىلەن ھەممىنى تاڭ قالدۇرغان.

شىزاگىلىق ئون نەچچە لاما، سېھىرگەرلەر قۇربانجاننىڭ كارامەتلىرىنى كورگەندىن كېيىن، ئۇلار: «بىز شىزاگىدىكى ئەڭ ۋۇقۇرى ئىقتىدارلىق لاما، سېھىرگەرلەردىن ئېدۇق. قۇربانجاننىڭ ئالدىدا بىزلەر ھېچ نەرسە قىلالماس ئىكەنمىز. بىز ئۇنىڭغا قايىل! بىز قايىل، ئۇ ئادەمنىڭ كارامىتىنى يالىڭدۇرۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەقىقىي «ئەۋلىيا» ئىكەن» دېيىشتى.

* * *

ھە، قۇربانجان كىشى ھەيران قالغىدەك نېمە شۇنداق ئىقتىدار ئىگىسى، كارامەت ئىگىسى! ئۇ خەلقىمىزنى دۇنياغا تونۇتۇۋاتقان، جاھان ئەھلىنى تاڭ قالدۇرۇۋاتقان زامانىمىزنىڭ «ئەۋلىياسىدۇر».

دۇنياۋىي خىروسىما كونفېرېنسىيەسى

«مېنى يادرو پارتلىشىنىڭ دولقۇنى قاتتىق ئۇرغان»

ئېكولوگىيە بۇزۇلغان، ئەتراپ ـ مۇھىت پاسكىنلاشقان بۈگۈنكى كۈندە سالامەتلىكى جەھەتتىن بىجىرىم ئالمىدەك ساق ئادەمنى تېپىش قىيىن بولسا كېرەك. بۇنىڭ ئۆزى يېرىم ئەسىردىن بۇيان سەييارىمىزنىڭ ھەر خىل جايلىرىدا سىناق قىلىنغان يادرو قۇرالىنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كەلگەن «سوغىسىدۇر».

«نېۋادا ـ شەمەي» خەلق ئارا يادرو قۇرالىغا قارشى ھەرىكىتىنىڭ، شەرقى ئاياللىرى خەلق ئارا ئېكولوگىيەلىك ئىتتىپاقىنىڭ ۋە پۈتكۈل دۇنيادىكى يادرو قۇرالىغا قارشى كۈرەشكەن تەشكىلاتلارنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە يادرو قۇرالىنى سىناق قىلىش ۋاقىتلىق توختىتىلغاندەك قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ زەرداۋىنى ئىنسانىيەت چەكمەكتە. مىڭلىغان، مىللىونلىغان ئادەملەر ھەر خىل كېسەللىكلەرگە دۇچار بولماقتا، ھاياتتىن مەزگىلسىز كۆز يۇمماقتا، باللار مەجرۇھ تۇغۇلماقتا...

يېقىندا ياپونىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنياۋىي خىروسىما كونفېرېنسىيەسى يادرو قۇرالىنى سىناق قىلىش ۋە ئۇنىڭ تەبەتكە، ئىنسانىيەتكە كەلتۈرۈۋاتقان ئورنى تولماس پاجىئەلىرىگە بېغىشلاندى. مەزكۇر كونفېرېنسىيەگە شەرقى ئاياللىرى خەلق ئارا ئېكولوگىيەلىك ئىتتىپاقىنىڭ پرېزىدېنتى ھۇرقىز ئىلىيېۋامۇ قاتنىشىپ كەلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەخسۇس مۇخبىرىمىز ھۇرقىز ئىلىيېۋا بىلەن سوھبەتلەشكەن ئېدى. تۆۋەندە شۇ سوھبەتنى دىققىتىڭلارغا ھاۋالە قىلدۇق.

* * *

— ھورقىز، ئۆزىڭىز ئىشتىراك قىلغان دۇنياۋىي خىروسىما كونفېرېنسىيەسى ھەققىدە قىسقىچە ئېيتىپ ئۆتسىڭىز؟

— ياپونىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنياۋىي خىروسىما كونفېرېنسىيەسى 3 ـ ئاۋغۇست كۈنى خىروسىما شەھرىدە ئۇيېرىتوۋ سېسسىيەدىن باشلاندى. 4 ـ ئاۋغۇست كۈنى ئېنىكىن كايكان زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇمۇمىي سېسسىيەگە دۇنيانىڭ 19 مەملىكىتىدىن كەلگەن مىڭدىن ئوشۇق دېلېگات قاتناشتى. 6 ـ ئاۋغۇستتا 7300 ئادەم قاتناشقان گىمنازىيون زالىدا خىروسىما دېكلاراتسىيەسىنىڭ لايىھەسى قوبۇل قىلىندى. ئەتىسى 8 ـ ئاۋغۇستتا ناگاساكى شەھرىدە بولۇپ ئۆتكەن ئاتوم ۋە ۋودورود بومبىلىرىغا قارشى ئىمزا يىغىش ئىشىغا مەنمۇ قاتناشتىم ۋە 30 مىنۇت ئىچىدە 70 ئىمزا يىغدىم.

كونفېرېنسىيە بارلىق جەھەتتىن ناھايىتى ياخشى ئۇيۇشتۇرۇلغان ئېكەن. ياپونىيە خەلقىدىن مېنىڭ بايقىغىنىم، كۆرگىنىم ۋە خۇشال بولغۇنۇم، ئۇلاردا يادروسىز تېچلىققا بولغان ئىنتىلىش، قىزىقىش ۋە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەشنىڭ ناھايىتى ئۈستۈنلۈكى بولدى. ناگاساكى شەھرىدە پەقەت بىر كۈننىڭ ئىچىدە 26 خىلمۇ ـ خىل ئۇچرىشىشلار، مىتىنگلار، كونفېرېنسىيەلەر ئۆتكۈزۈلدى ۋە پۈتكۈل ياپونىيە بويىچە يادرو قۇرالىنى سىناق قىلىشقا ھەم قوللىنىشقا قارشى 56 مىللىون ئىمزا توپلانغان. خىروسىما شەھىرىنىڭ مېرى يادرو قۇراللىرىغا قارشى ھەرىكەتلەر بىلەن ئۆزىنىڭ پىكىرداش ئېكەنلىكىنى ئوچۇق ئېلان قىلدى.

كونفېرېنسىيە 9 ـ ئاۋغۇستقىچە داۋام قىلدى. دۇنياۋىي خىروسىما كونفېرېنسىيەسى سەييارىمىز خەلقلىرى ئالدىغا تۆۋەندىكى ۋەزىپىلەرنى قويدى:

— ئىنسانىيەتنىڭ يادرو قۇرالدىن قۇتۇلۇشى ۋە ئۇنى دەرھال يوق قىلىشى ئۈچۈن كۈرىشىش؛

— يادروسىز 21 ـ ئەسىر ئۈچۈن بارلىق يادرو قۇرالىغا قارشى ھەرىكەتلەر بىلەن پىكىرداشلىقنى ئاشۇرۇش؛

— دۇنيانىڭ يادرو قۇرالى سىناقلىرىدىن زەرداپ چەككەن بارلىق تۇرغۇنلىرىغا ياردەم بېرىش.

— كونفېرېنسىيەگە قازاقستاندىن نەچچە دېلېگات قاتناشتى ۋە قازاقستان دېلېگاتسىيەسى كونفېرېنسىيەدە قانداق پائالىيەتلەرنى ژۈرگۈزدى؟

— قازاقستان دېلېگاتسىيەسى تەركىۋىدىكى ئون يەتتە ئادەم بارلىق تەشكىلىي چارە ـ تەدبىرلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى. مەن بولۇپمۇ، ياپونىيەنىڭ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ياشلىرى، شۇنداقلا ياپونىيە خانىم ـ قىزلىرى بىلەن بولغان ئۇچرىشىشلاردا خېلە چوڭ ئۈنۈملۈك ئىش ژۈرگۈزدۈم. بۇ ئۇچرىشىشلارغا ئۈچ مىڭغا يېقىن ئادەم قاتناشتى. مەن ئۇلارنىڭ قازاقستان ياشلىرى، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئېكولوگىيەلىك جەھەتتىن بىلىم بېرىش توغرىلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقىمۇ سوئاللارغا جاۋاپ بەردىم. مەن ئۇلارغا ئامېرىكىنىڭ سوروس فوندى تۈپەيلى بۇ دۇنياۋىي فورۇمغا قاتنىشىشقا مۇيەسسەر بولغىنىمنى ئالاھىدە تەكىتلىدىم. شۇنداقلا كونفېرېنسىيە ئۇيۇشتۇرغۇچىلىرىغا قازاقستان باللىرىنىڭ 50 مىڭ ئىمزاسى قويۇلغان «يادروسىز 21 ـ ئەسىر ئۈچۈن» دېگەن ھۆججەتنى ۋە ئۆزەمنىڭ رۇس ۋە ئىنگلىز تىللىرىدا نەشر قىلىنغان «بىز لوبنور پولىگونى توغرىلىق نېمە بىلىمىز» دېگەن كىتاۋىمنى تاپشۇردۇم.

كونفېرېنسىيەدە سۆزگە چىققان قازاقستان دېلېگاتسىيەسىدىن كۈلسۈم كەكىمجانوۋا «قازاقستان جۇمھۇرىيىتى ئۆزىنى يادروسىز دۆلەت دەپ ئېلان قىلدى، چۈنكى جۇمھۇرىيەت يادرو پارتلاشلىرىدىن ئۆرغۈن زەرداپ چەككەن. بىز ئاتوم سىناقلىرىنى مەنئىي قىلىش يولىدا كۈرىشىۋاتقان دۇنيانىڭ بارلىق يېرىدىكى ئادەملەر بىلەن پىكىرداش ۋە ئۇلارنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيمىز» دېگەن مەنادا قىلغان دوكلادى قىزغىن قارشى ئېلىندى.

— شەرقى ئاياللىرى خەلق ئارا ئېكولوگىيەلىك ئىتتىپاقىنىڭ نامىدىن سىزمۇ سۆزگە چىققان بولۇشىڭىز كېرەك؟

— ھە، ئېنىكىن كايكان زالىدا بولۇپ ئۆتكەن، مىڭدىن ئوشۇق دېلېگات قاتناشقان ئۇمۇمىي سېسسىيەدە ماڭا سۆز بېرىلدى. مېنىڭ دوكلادىم: «شەرقى ئاياللىرى يادروسىز 21 ـ ئەسىر ئۈچۈن» ماۋزۇسىدا بولدى. بىزنىڭ تەشكىلاتىمىز «شەرقى ئاياللىرى يادروسىز دۇنيا ۋە ئېكولوگىيەلىك بىخەتەرلىك تەرەپدارى» پروگراممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتىدۇ. ئانا يەر، بىز ئۇنىڭ باللىرى. يادرو كىنوپكىلىرىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان يادرو قۇرالىغا ئېگە دۆلەتلەرنىڭ سىياسەتچىلىرى دۇنيادىكى ئانىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىسۇن، بىز يەر يۈزىدە يادرو قۇرالىنىڭ تولۇق يوقىتىلىش تەرەپدارلىرى. يەر كائىناتتىن شۇنداق كىچىك كۆرۈنىدىكى، ئۇنى يوق قىلىۋېتىش ناھايىتى ئاسان. لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۇرۇشتا يە غالىپ چىققانلار، يە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلار، شۇ جۈملىدىن سىياسەتچىلەرمۇ بولمايدۇ.

خىتاي يادرو قۇراللىرى سىناق قىلىنىدىغان لوبنور پولىگونى قۇمۇلدىن خوتەنگىچە بولغان ئۈزۈنلۈغى مىڭ كىلومېتر، كەڭلىكى 250 ـ 300 كىلومېتر ئارىلىقتىكى تەۋەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لوبنور پولىگونىدا يادرو قۇرالىنى سىناق قىلىش ئادەملەرگە ۋە تەبەتكە ئورنى تولماس ئېغىر زىيانلارنى يەتكۈزىدۇ. مۇتەخەسسىلەرنىڭ تەكىتلىشىگە قارىغاندا، خىتاينىڭ لوبنور پولىگونىدا ھەر بىر قېتىم يادرو قۇرالى سىناق قىلىنغان ۋاقىتتا ئالمۇتىدا 12 ـ 16 كىلومېتر ئېگىزلىكتە رادىوئاكتىۋلۇقى پەيدا بولىدۇ ۋە رادىئاتسىيە دەرىجىسى 5 ـ 7 ھەسسە ئېشىپ كېتىدۇ. ئەندى لوبنورنىڭ ئۆزىدە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا قانچىلىك پاجىئەلەر بولۇۋاتىدۇ، بۇنى خىتاي رەھبەرلىكى ناھايىتى مەخپىيەت تۇتىدۇ. دېمەك، ئۇ يەردە تەبەتمۇ زەھەرلىنىۋاتىدۇ، ئادەملەرمۇ زەھەرلىنىۋاتىدۇ دېگەن سۆز...

مېنىڭ دوكلادىمنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئەنە شۇ ھەققىدە بولدى.

— ھۇرقىز، كونفېرېنسىيەدە سۆزگە چىققان ناتىقلاردىن بىر ـ ئىككىسىنىڭ دوكلادلىرىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى گېزىتخانلىرىمىزغا يەتكۈزسەك ئارتۇق بولماس دەپ ئويلايمەن.

— ئەلۋەتتە. ماتسۇيا خىتوكونىڭ سۆزىدىن بىز تۆۋەندىكىلەرنى ئاڭلىدۇق: «مەن ئۆزەمنى ناگاساكىدىكى ئاتوم بومبىسىنى پارتلىتىشتىن زەرداپ چەككەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ئۈچۈن خەلق ئارا سوتقا بەردىم. بۇ چاغدا مەن ئۈچ ياشتا ئېدىم. مېنى يادرو پارتلىشىنىڭ دولقۇنى قاتتىق ئۇرغان. تېنىمنىڭ ئوڭ تەرىپى ھەرىكەتكە كەلمەيدۇ. مەن ياپونىيە ھۆكۈمىتىدىن ئۆزەمنى زەرداپ چەككەنلەر تىزىمىغا كىرگۈزۈشنى ئىلتىماس قىلغان. لېكىن مېنىڭ بۇ ئىلتىماسىم رەت قىلىندى. 1988 ـ ژىلى مەن ناگاساكى شەھىرىنىڭ سوتىغا مۇراجىئەت قىلدىم. سوت مېنى ھەقىقەتەنمۇ زەرداپ چەككەنلەر قاتارىدا ئېتىراپ قىلدى. لېكىن ياپونىيە ھۆكۈمىتى بۇ قېتىممۇ سوت قارارىنى رەت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، پارتلاش ئېپىتسېنتىرىدىن 2 كىلومېتر ژىراقلىقتا بولغانلارلا زەرداپ چەككەنلەر دەپ ھېساپلىنىدىكەن. مەن بولسام بۇ ۋاقىتتا ئۈچ كىلومېتر ژىراقلىقتا بولغان ئېكەنمەن. مەن ھۆكۈمەتنى ياپونىيەنىڭ ئالىي سوتىغا بەردىم. سوت موشۇ ژىلنىڭ كۈز ئايلىرىدا قارار چىقىرىدۇ. دۇنيانىڭ بارلىق ئانىلىرى مېنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىنى سورايمەن».

نېۋادىدىن كەلگەن كوبىن شۇنداق دېدى: «نېۋادىدا 966 پارتلاش ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. 1997 ـ ژىلنىڭ ئىيۇل ئېيىدا بۇ يەردە يەنە يادرو پارتلىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. نېۋادىدا 18 ـ سېنتەبىر كۈنى يەنە بىر يادرو پارتلىشى ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقچى. بىز پۈتكۈل دۇنيا يۈزىدە يادرو سىناقلىرىنى مەنئىي قىلىشقا كۈرىشىشىمىز لازىم، چۈنكى بىز ياشاۋاتقان يەر بىرلا».

«ھازىرقى كۈندە دۇنيادا يادرو پارتلاشلىرىغا قارشى ھەرىكەتلەر كەڭ قانات يېيىۋاتىدۇ، ـ دېدى ئۆز سۆزىدە ھىندستاندىن كەلگەن رومېش چاندىر. ـ ب م ت دا كۆپلىگەن دۆلەتلەر يادرو قۇرالىنى پايدىلىنىشقا قارشى بولۇۋاتىدۇ. ئۆتكەن ژىلى يادرو سىنىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان فرانسىيە ھۆكۈمىتى سايلامدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتمۇ سايلامدا يېڭىلىپ قالدى. بىزنىڭ «خەلق ئارا تېچلىق جەمىيىتى» ھەرىكىتىمىز ناتونىڭ كېڭىيىشىگە قارشى كۈرەش قىلىۋاتىدۇ».

— دۇنياۋىي خىروسىما كونفېرېنسىيەسىنىڭ قوبۇل قىلغان قارارلىرىدىن بىزگە، قازاقستان جۇمھۇرىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى بولدىمۇ؟

— بۇ فورۇمدىكى دوكلادلاردىن كېيىن، ياپون ۋراچلىرى بىلەن مۇتەخەسسىلىرىنىڭ ئالمۇتا ۋىلايىتى ئېكولوگىيەسىنىڭ ناچارلىقى، رادىئاتسىيەنىڭ ژۇقۇرىلىغى، نەتىجىدە ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ كۆپىيىپ، باللار ئۆلۈمىنىڭ ئېشىۋاتقانلىغىنى، بۇنىڭ ئۆزى شەمەي ۋە لوبنور پولىگونلىرىنىڭ تەسىرىدىن بولۇۋاتقانلىغىغا بىزنىڭ كەلتۈرگەن ئېنىق فاكتلىرىمىز ئاساسىدا كۆزى يەتتى. ئۇلار كېلەر ژىلى بۇ يەرگە كېلىپ، ئالمۇتا ۋىلايىتىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى، ئادەملەرنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ۋە 1998 ـ ژىلى ئاۋغۇستتا ئۆتكۈزۈلىدىغان دۇنيا يىغىلىك فورۇمىدا دوكلاد قىلىدىغان بولىدۇ. بۇنداق قارارنىڭ قوبۇل قىلىنىشى قازاقستان تارىخىدا بىرىنچى قېتىم بولۇۋاتقان ئىش. دۇنياۋىي خىروسىما كونفېرېنسىيەسىدە بىزنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋاپىيەقىيىتىمىز ئەنە شۇ.

— ئاخىرقى سوئال. ياپونلۇقلار ئۇيغۇرلارنى ياخشى بىلە كېرەك؟

— ھە، ناھايىتى ياخشى بىلىدىكەن. ئۇلار مېنىڭ ئۇيغۇر ئېكەنلىكىمنى بىلگىنىدىن كېيىن تولىمۇ يېقىنچىلىق قىلىپ، ھۆرمەت كۆرسەتتى. ۋەتەن تەغدىرى، خەلق تەغدىرى ھەققىدە سوھبەتلەشتۇق. ئۇلار قەدىمىي تارىخقا، مەدەنىيەتكە ئېگە خەلقىمىزنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە قىزىل خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغانلىغىغا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھوقۇقىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىغىغا ئېچىنىدىغانلىغىنى بىلدۈرۈشتى.

سوھبەتلەشكەن ئالىمجان باۋدىنوۋ.

رېداكسىيەنىڭ كومپيۇتېرلىق مەركىزى سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە تەييار

«ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىسى «يېڭى ھايات» گېزىتلىرى رېداكسىيەسىنىڭ كومپيۇتېرلىك مەركىزى چىرايلىق بېزەلگەن ھەر خىل تەكلىپنامىلارنى، ۋىزىتكىلارنى ئەرزەن باھادا ئىشلەپ بېرىدۇ. شۇنداقلا دىپلوم ئىشلىرىنى، ئىلمىي ئەمگەكلەرنى، بەدىئىي ئەسەرلەرنى ۋە باشقىمۇ خىلمۇ ـ خىل قول يازمىلارنى كومپيۇتېر ئارقىلىق بېسىپ چىقىرىدۇ. بۇ ئەمگەكلەر بۇيرۇتمىچىنىڭ خاھىشى بويىچە، ئۇيغۇر، قازاق، رۇس ۋە ئىنگلىز تىللىرىدا تورۇنلىنىدۇ.

رېداكسىيەنىڭ كومپيۇتېرلىق مەركىزى شۇنداقلا كومپيۇتېر داتىشلەشنى خالىغۇچىلارنى قىسقا مۇددەتلىك ئۆگىنىش كۇرسلىرىغا تەكلىپ قىلىدۇ.

بىزگە مۇراجىئەت قىلىڭ ـ بىز سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە ھەر قاچان تەييار.

ئادرېسىمىز: ئالمۇتا شەھىرى، ئىپەك يولى كوچىسى، 50 ـ ئۆي، 8 ـ قەۋەت، 800 ـ بۆلمە، ئالاقە تېلېفونلىرى: 33 ـ 86 ـ 69، 33-85-47، 33-84-59.

ئىلىم ـ پەن ئالىمىدە

ياش ئالىمنىڭ باھالىق ئەمگىكى

تالانتلىق ياش ئالىم، فىلوسوفىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى نەبىجان تۇرسۇننىڭ روسسىيە فېدېراتسىيەسى پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناس ئىنستىتۇتى، خەلق ئارا ئاكالىفورنىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ قىرغىزستاندىكى شۇبىسى، خەلق ئارا ئايتماتوۋ ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان مونوگرافىيەسى ـ «ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي تارىخىي ئەمگەكلىرىدىكى ئېتنوگېنېز مەسىلىلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئالىمنىڭ مەزكۇر كىتاۋى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى بويىچە ماتېرىياللارنى، شۇ جۈملىدىن، ئىلگىرى مەلۇم بولمىغان ماتېرىياللارنى سىستېمىلاشتۇرۇشتا، تەھلىل قىلىشتا دەسلەپكى ئەمگەك بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى بويىچە خىتاي مەنبەلىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىدۇ.

ياش ئالىم بۇ ئەمگىكىنىڭ بىرىنچى بابىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ تارىخىي ـ مەدەنىي ئەنئەنىلىرىنى، تىل ۋە ئېتنىك ئالاقىلىرىنى، كېلىپ چىقىشىنى تەھلىل قىلىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى بويىچە زامانىۋىي خىتاي تارىخىي مەنبەسىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈشكە ئىنتىلىدۇ. بۇ مەخسەتلەردە ئۇنىڭ تارىخىي تومۇرى ئېچىپ كۆرسىتىلىدۇ، تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي باسقۇچلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى تەھلىل قىلىنىدۇ.

مونوگرافىيەنىڭ «1949 ـ 1990 ـ ژىللار تارىخىي مەنبەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تارىخى» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككىنچى بابىدا 20 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى ئۇيغۇرلار ئېتنوگېنېزى تارىخىي مەنبەسىنىڭ پروبلېمىلىرى تەپسىلىي تەھلىل قىلىنىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، مۇئەللىپ مونوگرافىيەدە ئۇيغۇر ئالىملىرى مەھمۇت قەشقەرىي، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا، تۇرغۇن ئالماس، ئابدۇللاتىمەن، م. ھەمرايېۋ، م. كېبىروۋ، د. ئىسسىيېۋ، ك. ئىسھاقوۋ، قۇرۋان ۋەلى ۋە باشقىلارنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا قوشقان چوڭ ھەسسىنى يورۇتىدۇ.

ياش ئالىم نەبىجان تۇرسۇن كىتابىنى يېزىشتا خىتاينىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدىكى ماتېرىياللارنى، ئالىملارنىڭ مونوگرافىيەلىك ئەمگەكلىرىنى، تارىخشۇمەلۇماتلىرىنى، خىتاي، غەرب، رۇس ۋە كېيەش ئۇيغۇرشۇناسلىرىنىڭ،

شۇنداقلا مەركىزى ئاسىيا تارىخى بويىچە چوڭ مۇتەخەسسىلەرنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى ۋە ئەمگەكلىرىدىن پايدىلانغان.

ھازىرقى ۋاقىتتا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تارىخىنى، شۇ جۈملىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي تارىخى ئەمگەكلىرىدىكى ئېتنوگېنېزى مەسىلىلىرىنى ئۆبيېكتىپ ئوقۇپ، ئۆگىنىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئېگە بولۇۋاتىدۇ. نەبىجان تۇرسۇننىڭ مەزكۇر مونوگرافىيەسى ئۇيغۇرلار ئېتنوگېنېزىنىڭ پروبلېمىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاۋتوختونلۇغىنى ئوقۇپ ـ ئۆگىنىشتە باھالىق مەنبە بولۇپ قېلىشىدا شەك ـ شۇبھە يوق.

***

نەبىجان تۇرسۇن 1964 ـ ژىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا، زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1981 ـ 85 ـ ژىللىرى بېيجىن مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈركولوگىيە فاكۇلتېتىنى ئوقۇپ تاماملىغان. 1985 ـ 90 ـ ژىللىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ئۇيغۇر فىلولوگىيەسى» بويىچە دەرس بەردى. 1987 ـ 88 ـ ژىللىرى بېيجىندا جاغاتاي ۋە پارس تىللىرى بويىچە بىلىمنى ئاشۇردى. 1988 ـ ژىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاسپىرانتۇرىسىغا ئوقۇشقا چۈشۈپ، «ئۇيغۇر تارىخى» تەتقىقاتى بويىچە ئىش ئېلىپ باردى.

نەبىجان تۇرسۇن 1990 ـ 95 ـ ژىللىرى موسكۋادا روسسىيە فېدېراتسىيەسى پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ئوقۇدى. 1995 ـ ژىلى فىلوسوفىيە پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنى مۇۋاپىيەقىيەتلىك ياقلىدى. ئۇ ئالىي ئوقۇش دەرگاھلىرىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدىلا روسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى يېنىدىكى موسكۋا شەرقشۇناسلىق ئۇنىۋېرسىتېتىدا، قىرغىزستان دۆلەتلىك مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا، بېيجىن مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ستۇدېنتلارغا لېكسىيەلەرنى ئوقۇدى. خ خ ج ۋە مۇستەقىل دۆلەتلەر ھەمدوستلۇغى مەملىكەتلىرىدىكى كونفېرېنسىيەلەر بىلەن سېمىنارلارغا قاتناشتى.

پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىلىم ـ پەنگە بېرىلگەن قابىلىيەت ۋە تالانت ئىگىسى نەبىجان تۇرسۇن روسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى روسسىيە شەرقشۇناسلىرى جەمىيىتىنىڭ ۋە ش ئۇ ئا ر دىكى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش بويىچە جەمىيەتنىڭ ئەزاسى. ئۇ ئەللىكتىن ئوشۇق ئىلمىي ماقالىلارنىڭ، ئىككى مونوگرافىيەنىڭ ۋە كۆپلىگەن بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى.

ئۆز مۇخبىرىمىز.

باش مۇھەررىر ي. ئازاماتوۋ

يېڭى ھايات
ئالمۇتا، 480044
ئىپەك يولى كوچىسى
50 بىنا، 8 ـ قەۋەت

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى ـ قازاقستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەتبۇئات ۋە ئاممىۋىي ئەخبارات ئىشلىرى بويىچە مىللىي ئاگېنتلىغى.
تىراژى 3095
زاكاز 9747

تېلېفونلار: قوبۇلخانا ـ 59 ـ 84 ـ 33،
مەسئۇل كاتىپ ـ 01 ـ 92 ـ 33،
كاتىبات بۆلۈمى ـ 27 ـ 86 ـ 33، ئىجتىمائىي ـ سىياسىي بۆلۈمى 06 ـ 86 ـ 33
ئەدەبىيات ۋە سەنئەت بۆلۈمى ـ 81 ـ 86 ـ 33،
ئىختىسات بۆلۈمى 17 ـ 86 ـ 33.

«Йени хаят» (Новая жизнь) индекс 65359, приложение республиканской общественно-политической газеты «Уйгур авази», регистрационное свидетельство №480, выдано Министерством печати и массовой информации Республики Казахстан.
Газета отпечатано в республиканском газетно-журнальном Издательстве «Дәуір», Алматы, 480044, пр. Достык, 7/4

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدە بېسىلغان ماقالىلار مۇئەللىپلىرىنىڭ مەۋقەسى تەھرىراتىمىزنىڭ مەۋقەسى بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. تەھرىراتتىن ماتېرىياللار قايتۇرۇلمايدۇ ۋە جاۋاپ بېرىلمەيدۇ.